مەھمۇت زەيىدى

# ئەلبوم ۋاراقلىغاندا

(شېئىرلار توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئا . ئۆمەر



85—160

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

يولداش مەھمۇت زەيدى 1932 - يىلى تۇرپاننىڭ يار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1947 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە «ئىتتىپاق» ژورنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە تىل - يېزىق كومىتېتىدا ئىشلىگەن. (1955 — 1956 - يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىلشۇناسلىق سىنىپىدا ئوقۇغان). 1964 - يىلدىن 1978 - يىلىغىچە يېڭىچاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979 - يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەھمۇت زەيدىنىڭ شېئىرلىرى 1947 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1947 - يىلدىن بۇيانقى بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئەلبوم ۋاراقلىغاندا
(شېئىرلار توپلىمى)
ئاپتورى: مۇھەممەت زەيدى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092 × 787 مم 32/1، باسما تاۋىقى 2.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1985 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.1032
تىراژى: 1 — 1،700
باھاسى: 0.23 يۈەن

# مۇندەرىجە


ياشلىق قىممەت ............ (1)

يىللارنى قوغلاپ ............ (2)

فالىپلار مارشى ............ (4)

دەسلەپكى بىر كۈن ............ (8)

باشئەگىم ............ (11)

ئانا دەريا ............ (13)

سېغىنىپ ئەسلەيمەن تۇغۇلغان يۇرتنى ............ (16)

يىللار قوينىدا ............ (17)

يېزام ............ (18)

تاغ سۈيى ............ (19)

ۋەتەن ............ (20)

باغۋەنگە ............ (21)

پوچتىكەش شۇ قىز ............ (23)

ئۆچكەن ئۆمۈر ............ (25)

قۇياشنى سۆيىمەن ............ (27)

تاغلارنى سۆيىمەن ............ (28)

سۆيىمەن تۇپراقىنى ............ (29)

يىل ئۇزاپ، يىل كىرگىچە ............ (32)

كۆتىرىمەن ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى ............ (33)

ئەلبوم ۋاراقلىغاندا ............ (35)

دىخان قەلبى ............ (36)

باغۋەن تەرى ............ (37)

جەڭچى ئۈچۈن ........................ ( 38 )
ياد ئەتسەم لوتۇننى قەلبىم سۆيۈندى ............ ( 39 )
كىندىك قېنىم گۈل ئاچقان دىيار ............ ( 40 )
قەدىمقى يۇرت، ئۆزلە، كامال تاپ ............ ( 44 )
بىر تىلىم قوغۇن ........................ ( 45 )
ئالما ) تۈۋۈدىن ئېگىز چوققىغا ............ ( 46 )
جاھان يازىرىدا تۇرپان ئۈزۈمى ............ ( 47 )
ھوك ) — پېيچىك ئارىسى — قوغۇنلۇق يولى ............ ( 47 )
باھارنى ئەسلىسەم سېنى ئەسلەيمەن ............ ( 48 )
مەرىپەت ئۇستازى ........................ ( 50 )
مەرگەن يىگىت (ناخشا تېكىستى) ............ ( 52 )
ئايدىڭ كېچىدە (ناخشا تېكىستى) ............ ( 53 )
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي ............ ( 53 )
ئالما تۈۋۈدە ........................ ( 55 )
ئۆلمەس كىشى ........................ ( 56 )
دىخان قىزى ........................ ( 57 )
جەسۇر ياشلار ........................ ( 59 )
بۇلاق ........................ ( 62 )
تاغ مەنزىرىسى ........................ ( 64 )
خانتەڭرى ........................ ( 64 )
نەۋ باھار ........................ ( 65 )
ئارزۇ ........................ ( 65 )
زوقلاندىم بەختىيار زامانەمدىن مەن ............ ( 66 )
رۇبائى ۋە پارچىلار ........................ ( 68 )
ئالتۇن دەۋر قىسسىسى ........................ ( 72 )


## ياشلىق قىممەت

دوستۇم، دىققەت،
ياشلىق قىممەت.
كۆرسەتكىن ھىممەت،
ئوغرا يولدىن قەدەم تاشلا،
ئىزلە پەزىلەت.

نادانلىقتا بولما غاپىل،
ئۇر ئاڭا خەنجەر.
مۇقەررەردۇر ھەر قەدەمدە
كامىگى زەپەر.

ئادالەتنى قانات قىل،
بەختى سىرى ئۈچ.
ئۈزكىن تاڭدا ساڭا ياردۇر
ئۇلۇغ بىرلىك كۈچ.

1947 - يىل، ماي

## يىللارنى قوغلاپ...

كۈنلەر ھەپتىنى، ھەپتىلەر ئاينى قوغلاپ،
ئىخ، ئۆتۈپ كەتتى بىر تالاي يىللار.
بەزىسى مەلۇم يېڭىلىق بېرىپ،
بەزىسىدىن رەنجىشىپ دىللار.

يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئاشۇ قىسمەتتە،
ھەر بىرى بىر خىل سوغىلار بېرىپ.
يىللارنى ئۆتۈقتا، شانىغا پۈزكەشكە،
يەڭ تۇردۇق ھەر پەسىل غۇلاچلار كېرىپ.

شۇ يىللار قوينىدا غۇلاچلار تاشلاپ،
ياپ - يېشىل ياشارغان باھارغا يەتتۇق.
قوينى تار يىللارنىڭ سىرىنى ئېچىپ،
چېلىش يىللىرىدا كامالغا يەتتۇق.

ھەۋىسى بىخسىغان خۇنۇك يىللارنىڭ
سۇلغۇن چېچەكلىرى بۇكۇن بىزگە يات!
مەڭگۇكە توزىماس گۈللەر ئۆستۇردۇق،
يېڭىچە ھاياتتىن لەززەتلىنىپ شات.

ھەر يىلى يېڭىلىق بېغىشلار بىزگە،
تارىخ چاقىنى ئالغا سىلجىتىپ.



ئەمگەكچى جامائەت ئىش فرونتىغا
ئاقىدۇ گوياكى دولقۇندەك تېشىپ.

ھەممىنىڭ يۈزىدە شاتلىق بەلگىسى،
ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتتىن بېرىدۇ دېرەك.
ئۇتۇقلار قاپلىدى يىلنىڭ بېشىنى،
ئەمدىكى ھاياتتا گۈللەر كېلىچەك!

بىز ئۆسۈپ بارىمىز يىللارنى قوغلاپ،
ئىش - چېلىش قوينىدا گاگدەك تاۋلىنىپ.
قوللاردا قىپ - قىزىل بەشيۇلتۇز بايراق،
قۇرىمىز ئىستىھكام شەرەپ قازىنىپ.

1954 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

## غالىپلار مارشى

بۈگۈن،
ئۆرلەيمىز يەنە،
چېلىش شازابىنى ئىچىپ،
توي تارتىپ تىنىك قىرغاقلارغا.
ئۆكتەبىر ھەيۋىتىدىن
كونا دۇنيانى دىر - دىر تىترىتىپ،
ۋاقىراپ ماڭىمىز،
شۇئادىقى گۈزەل چاغلارغا.

*

بۈگۈن،
ئوت چاقنىتىپ،
دۈشمەن يۈرىكىنى داغلايمىز،
كۈرەش كۆكىدە ساليوتلار بېرىپ.
ئەنە
بىزنىڭ مارش...
ئاسمان يېرىپ،
مارسلارغا يەتتى
ھەيۋەتلىك چاقماق چاقنىتىپ.
بۈگۈن
تاڭلاردىن تاڭلار ئاتقۇزۇپ،



قىزىل ئۆكتەبىرنىڭ
زەر نۇرىغا چۆمۈپ ياشايمىز.
جاھان
ھەيران بىزگە.
ھاۋاغا كېمىلەر ياساپ.
زاماننى
ئۈستۈن پەللىگە باشلايمىز.
ئەنە،
يورۇتۇپ،
ھاۋا كۆكسىگە سىم تارتىپ،
سەرەڭگىسىز چىراقلار ياقتۇق
ئېلېكتىر قۇۋۋىتى توكتىن.
پولات تاۋلاپ،
ئېغىر سالماقتا
گۈكىرەيدۇ زاۋۇتلار،
يەلكىلىرى غىچلا سىيمونتتىن.

*

ئەنە،
زامان چىراقلىرى،
يەر تېگىدە
ئاي يۈگۈرگەندەك،
قاراڭغۇ خاڭلارنى يورۇتتى.

ئۆكتەبىر،
تاش خادىلاردا ئۆسكەن گۈللەرگە
تۇس بىرىپ چوغدەك
بەركەت قوللىرىنى ئۇزاتتى!

*

ۋاقىرايمىز بۈگۈن
چېلىش مارشىنى!
قىپ - قىزىل تۇغلار يېنىدا.
بازار ئۆلكەم
پەسىل كېچىپ، يازلار قىچقىرىپ...
دەۋرىمىز
ئەكس ئېتەر گۈللەر قېتىدا.
ئۈمىدكە تولۇپ،
بەش يىللىقتا شاقىراپ،
چويۇن كۆللىرىدە ئۆزىمىز —
ماتروسلارچە مۇھىتنى يېرىپ.

*

بۈگۈن
ھەيۋەت سۈرىمىزدىن
تاغلار تېز پۈكەر بىزگە.



ئۆز باغرىدا باھار سىزىدۇ
قاغجىرىغان جاڭگال ياشىرىپ،
ئۆكتەبىردىن نۇر ئېمىدۇ
ھەممە قەلبىگە
قېنىپ - قېنىپ، گۈزەل تاۋلىنىپ!

*

بۈگۈن —
دوقمۇشلاردا
تۇمان كېزەلمەس،
مىليارتلار قاينىمى
يېڭىش تاپماقتا ئالەمنى چۇلغاپ.
ئەنە پوستا
تەيۋەن ئاراللىرىدا
چېلىش شامالىرى ئۆتەر غۇقىراپ.

*

شۇنداق،
يېڭىش قىچقىرىپ،
توي تارتىپ بارىمىز
تەيۋەننىڭ شەھەر - دالالىرىغا...
ئاڭلىسۇن جاھان،

كۆرسۈن،
بىزنىڭ قۇدرەتىنى،
يەتكۈزسۇن ئۇنى،
ھۆرلۈك، گۈزەل چاغلارغا.

1955 - يىل، ئۆكتەبىر

## دەسلەپكى بىر كۈن

كۈرۈش ئىس چىقىرىپ ئۇچماقتا پويىز —
بېيجىڭغا ئىنتىلىپ شۇ غالىپ كارۋان.
دىلىمدا قاينايدۇ، چەكسىز بىر دېڭىز،
پايتەختنى كۆرۈش دىلدىكى ئارمان.

*

بارىمەن دولقۇنلۇق دەريانى بويلاپ،
كەڭ، يېشىل قىرغاقلار بويىنى كېزىپ.
قارايمەن تەلمۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
ئاق قەغەز ئۈستىدە قەلەم يۈرگۈزۈپ.

قاراڭلار تۆت تەرەپ پەيزى شىرىنچىلىك،
ياسانغان گويا كى گۈزەل بىر قىزدەك.
شۇ يۇسۇن بېزەلگەن سۈلەتلىك تاغلار،
ياشىرىپ تۇرىدۇ ئېچىپ گۈل - چېچەك.



ئەنە ئۇ ئۆركەشلەپ، چايقىلار خۇاڭخې،
يول ئالار دولقۇنلار ئاستا ئۆيىنىشىپ.
ئۇنىڭ كەڭ باغرىدا قېيىقچى ھە، دەپ،
تىنمايدۇ دولقۇنلار بىلەن قوغلىشىپ.

بارىمىز يول بويى ئورمان ياقىلاپ،
قول سوزۇپ قالماقتا ئوتلاقتا قىزلار.
قوشۇلغاندەك شۇ دەم قىز بىلەن يىگىت،
قالدۇرار يۈرەكتە بەك شېرىن ئىزلار...

ئاخىرى كەپ قالدۇق ۋوگزالغا مانا،
كىشىلەر تۈركۈمى قاينار دېڭىزدەك.
ئەتراپقا كۆز تىكىپ يۈرىمەن تېز - تېز،
ھەممە جاي ۋاڭ - ۋۇڭ گويا بايرامدەك.

ئەنە كەڭ ۋە گۈزەل ئاسفالت يوللار،
تىراموۋاي ئۆتمەكتە بىر - بىرىن قوغلاپ.
رادىيو بۇلبۇلدەك سايرايدۇ چاڭ - چاڭ،
تېرەمگە پاتمايمەن شوخ ئۈننى ئاڭلاپ.

بېيجىڭ ۋەتەننىڭ قەلبى — يۈرىكى،
ئۇ يەردىن ياشىنار بايرام - تەنتەنە.
بېيجىڭدا ياشايدۇ ئەلنىڭ شۆھرىتى،
ساقلىنار مەڭگۈلۈك ئۇندا تەنتەنە.

بېيجىڭدۇر ئەڭ ئۇلۇغ، بېيجىڭ مۇقەددەس،
بېيجىڭدا تۇغۇلار كۈندە يېڭىلىق.
بېيجىڭدىن تارايدۇ يېڭى سىياسەت،
بېيجىڭدا تۆرىلەر يېڭى ئىگىلىك.

بېيجىڭ كوچىسىدا ھەيۋەت بىنالار
قەددىنى چىناردەك كۆتەرگەن كۆككە.
ماڭسەن، ئىشەنچلىك زوق بىلەن دەسسەپ،
بۇنىڭدىن گۈل - نەقىش ئېلىپ يۈرەككە.

بېيجىڭ كوچىسىدا ئۆسكەن كۆچەتلەر،
تەكشى سوزۇلغان تەرەپ - تەرەپكە.
بېيجىڭدا ئۆسكەن ھەر ئاددى ئادەم
ئۆگەنگەن مۇلايىم خۇلقى - ئەدەپكە.

بېيجىڭ قوينىدا بىخەي، يىيخېيۋەن —
كۆرۈڭلار قانچىلىك چىرايلىق باغلار.
ئەسلىتەر بۇ باغلار مىڭ - مىڭ يىللارنى،
سۇنئى، تاشلاردىن ياسالغان تاغلار...

چوغلىنىپ تۇرىدۇ قىپ - قىزىل بىر گۈل —
تيەنئەنمېن ئۈستىدە نۇرلۇق بىر يۇلتۇز.
بېيجىڭ كوچىسىدىن زۇلمەت قوغلانغان،
بۇ يەردە كېچە يوق، كېچىمۇ كۈندۈز.



ئاڭلاڭلار، مانا مەن دوستلار قاتارى،
جەڭگىۋار ناخشامنى ئېيتىپ بارىمەن.
تيەنئەنمېن ئالدىدا ئۆمرۈمدە بىر كۈن،
يۈرىكىم قانغۇدەك نەپەس ئالىمەن.

بۇ تېخى بېيجىڭدا دەسلەپكى بىر كۈن،
ئالدىمدا تاماشا خاتىرىلىرى.
كۆپ تېخى زوق بىلەن يازىدىغان كۈن،
بېيجىڭنىڭ باھارى — قاينام چاغلىرى.

1956 - يىل ئاپرېل، بېيجىڭ

## باشئەگىم

باشئەگىم تارقالغان تەرىپىڭ تولا،
خەلقلەر ئاغزىدا ئۆتمۈشۈڭ داستان.
سۆيگۈ ۋاپادارى ساپ يۈرەكلەرگە،
جان بەرگەن كۆكسۈڭدىن تەۋەرۈك ماكان!

سۆيگۈ - مۇھەببەت يولىنى كېزىپ،
ئەزىز پەرزەنتلىرىڭ داۋانلار ئاشقان.
قاپقارا تۈنلەردە تاغلىرىڭ ئارا،
غارلىرىڭ ئىچىدە چىراقلار ياققان.

بېيجىڭدۇر ئەڭ ئۇلۇغ، بېيجىڭ مۇقەددەس،
بېيجىڭدا تۇغۇلار كۈندە يېڭىلىق.
بېيجىڭدىن تارايدۇ يېڭى سىياسەت،
بېيجىڭدا تۆرىلەر يېڭى ئىگىلىك.

بېيجىڭ كوچىسىدا ھەيۋەت بىنالار
قەددىنى چىنارداك كۆتەرگەن كۆككە.
ماڭىسەن، ئىشەنچلىك زوق بىلەن دەسسەپ،
بۇنىڭدىن گۈل - نەقىش ئېلىپ يۈرەككە.

بېيجىڭ كوچىسىدا ئۆسكەن كۆچەتلەر،
تەكشى سوزۇلغان تەرەپ - تەرەپكە.
بېيجىڭدا ئۆسكەن ھەر ئاددىي ئادەم
ئۆگەنگەن مۇلايىم خۇلقى - ئەدەپكە.

بېيجىڭ قوينىدا بىخەي، يىيخېيۋەن —
كۆرۈڭلار قانچىلىك چىرايلىق باغلار.
ئەسلىتەر بۇ باغلار مىڭ - مىڭ يىللارنى،
سۇنئىي، تاشلاردىن ياسالغان تاغلار...

چوغلىنىپ تۇرىدۇ قىپ - قىزىل بىر گۈل —
تيەنئەنمېن ئۈستىدە نۇرلۇق بىر يۇلتۇز.
بېيجىڭ كوچىسىدىن زۇلمەت قوغلانغان،
بۇ يەردە كېچە يوق، كېچىمۇ كۈندۈز.



ئاڭلىڭلار، مانا مەن دوستلار قاتارى،
جەڭگىۋار ناخشامنى ئېيتىپ بارىمەن.
تيەنئەنمېن ئالدىدا ئۆمرۈمدە بىر كۈن،
يۈرىكىم قانغۇدەك نەپەس ئالىمەن.

بۇ تېخى بېيجىڭدا دەسلەپكى بىر كۈن،
ئالدىمدا تاماشا خاتىرىلىرى.
كۆپ تېخى زوق بىلەن يازىدىغان كۈن،
بېيجىڭنىڭ باھارى — قايىنام چاغلىرى.

1956 - يىل ئاپرېل، بېيجىڭ

## باشئەگىم

باشئەگىم تارقالغان تەرىپىڭ تولا،
خەلقلەر ئاغزىدا ئۆتمۈشۈڭ داستان.
سۆيگۈ ۋاپادارى ساپ يۈرەكلەرگە،
جان بەرگەن كۆكسۈڭدىن تەۋرۈك ماكان!

سۆيگۈ - مۇھەببەت يولىنى كېزىپ،
ئەزىز پەرزەنتلىرىڭ داۋانلار ئاشقان.
قاپقارا تۈنلەردە تاغلىرىڭ ئارا،
غارلىرىڭ ئىچىدە چىراقلار ياققان.

غېرىپ كۆڭۈللەر سېنى ياد ئېتىپ،
يۈرەكتىن مۇڭلۇق قوشاقلار قاتقان.
بويۇڭدا ئەۋلادلار كارۋىنى قاتار،
مۇشەققەت يۈكىنى يەلكىگە ئارتقان.

تامىرنىڭ قەۋرىسى كولانغان چاغدا،
سەن بىلەن ھۆ تارتىپ ئاسمان يىغلىغان.
بوۋىلار ھەسرەتتە قان يۇتقان چاغدا،
سۈلىرىڭ قىپ - قىزىل دولقۇن ياسىغان.

بۇ يەردە جاراڭلار تامىر ناخشىسى،
زۆھرەنىڭ ئىشقىدا سۆيۈگدە ئاققان.
ئۈستۈگدە چوقچايغان ئۇلار قەۋرىسى،
قانچە ئەسىرلەرگە گۇۋا بوپ ياتقان.

مەن بۈگۈن باشقىچە، ئازاپتىن يىراق،
ھەققىگدە ناخشامنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.
ئاشىقلار باسقان ھەر ئىز - تۇپراقنى،
ياغلىغىم ئۇچىغا تۈگۈپ ئۆتىمەن.

بۈگۈن كۆردۈم مەن چوڭ ئېقىن دەريا،
قىرغاق سۆيۈپ ياساپسەن دولقۇن.
ئۆركەش ياسىغان دولقۇننىڭ ئەۋجى،
كۆز ئالدىمدا چاقنايتتى يالقۇن.



تاشقىن بولۇپ قىرغاقلاردىن ئاش،
يايراش چېغىڭ ئەمدى تارىختا.
پىغانلىق چاغلىرىڭ كەتتى كەلمەسكە،
يېزىلغان خاتىمە بىزنىڭ ئارخىپقا.

ئەمدى باشلىنار يېڭى تارىخىڭ،
قىلىمىز بوۋايلار ئارزۇسىنى ھەل.
ئەمدى باشلىنار يېڭى ياشلىغىڭ،
ياشىرىپ تاغلىرىڭ بولغۇسى گۈزەل.

قەددىنى كۆتىرىپ يېڭى بىنالار،
ھايات قاينايدۇ قىرغاقلىرىڭدا.
ئۆتكۈنچى كارۋانلارنىڭ دىلى نۇر ئېمەر،
سېنىڭ ياققۇسى چىراقلىرىڭدا.

مەن بۈگۈن باشقىچە، ئەلەمدىن يىراق،
ھەققىگدە ناخشامنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.
ئاشىقلار باسقان ھەر ئىز - تۇپراقنى،
ياغلىغىم ئۇچىغا تۈگۈپ ئۆتىمەن.

1957 - يىل

## ئانا دەريا

ئايدىڭ قىرغىقىڭغا كۆزۈمنى تاشلاپ،
سۈپ - سۈزۈك يۈزۈگدە سايەم كۆرىمەن.

نەپەسكە تويۇپ، زوقلىنىپ بىرەدەم،
ئۆتمۈشۈڭ توغرىلىق خىيال سۈرىمەن.

ئىخ تارىم، ئۆتمۈشۈڭ تولىمۇ دەرتلىك،
ئەلنىڭ كۆز يېشى سېنى تولدۇرغان.
ئېيتقىنا، شۇ دەرتلىك ئېقىشىڭ سېنىڭ،
قاي گىيا، قاي يۈرەكنى سۇغا قاندۇرغان؟!

شاقىراتمىلىرىڭ ئۇنچە چاچراتماي،
كېتەتتى كۆۋرۈكۈڭ توزۇپ توزغاقتەك.
لېۋىڭدىكى ياپ - ياش چېچەكلەر،
خۇنۇك ئىدى ئۆڭگەن بوياقتەك.

ئاھ تارىم، تارىم يازدا ئۇلۇغلاپ،
قىرغاق ئاشالماي ئاقاتتىڭ جىمجىت.
بۈگۈنچۇ؟
قىش - ياز ئوخشاش ئاقىسەن،
قىرغاقتىن ئېشىپ، ئۇنچە چاچرىتىپ.

سېنى باشلاپ بارىدۇ ئەنە،
ئېتىزغا،
سۆيۈشكەن قىز بىلەن يىگىت.
لايىقى دولقۇندىن قايغان ئېقىمىڭ
ئۆگلىنىپ قايتىدىن قىلماقتىسەن ھېيت.



يېڭىدىن قېزىلغان قىزىل كانالدا،
چاۋاك چېلىپ ئۆتىسەن زاماندىن خوش بوپ،
قىرغا كەلگىنىڭدە باشاقلار ئارا،
باشلىنىپ ئۇسسۇللار كېتىدۇ توي بوپ.

تارىم دەرياسى، داغسىز كۆكسىڭدە،
تاۋلانغان قۇياشنىڭ ئەكسى كۆرۈنەر.
ماھۇق قوينۇڭدا ئۈزگەن بېلىقتەك،
ئۈزۈشكە ئەجەپمۇ يۈرەك تەلپۈنەر.

ئۆركەشلىك خوشال شاقىراشلىرىڭ،
جۆر بولۇپ تۇرىدۇ ئوتلۇق ناخشامغا.
سېنىڭ ياسىغان دولقۇنلىرىڭنى،
ئاڭلاتقۇم كېلىدۇ پۈتكۈل جاھانغا!

كۆڭۈلنىڭ قىپ - قىزىل يەلكىنى ئويناپ،
بارىدۇ سەن بىلەن تەكلىماكانغا.
قاتمۇ - قات ئىشىكتىن كىرىپ بارىمەن،
ئۇندا قەد كۆتەرگەن قىزىل ئايۋانغا ...

تارىم دەرياسى، ئانا دەرياسەن!
مىليون دىللاردا مېھرىڭ بەك ئۇلۇغ.
ھەر گىيا، ھەر جانغا شەرۋەت بولىسەن،
چۆرەڭدە گۈللەيدۇ يېزىلار بولۇق.

غۇلاچ ئات، تارىم!
ئىمك قىرغاقلاردىن،
چاڭقىغان چۆللەر سۇيۇڭگە قانسۇن.
سېنىڭ بويۇڭدىكى ھەر گۈل، ھەر چېچەك،
پاراقلاپ يۈزنى يۇيۇپ تارىسۇن.

ئايدىڭ قىرغىقىڭنى تاماشا قىلىپ،
كۆڭلۈم ياراتقان گۈلۈڭ ئۈزىمەن.
خۇشپۇراقلىرىڭدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ،
يۈرەك شاتلىقىمنى ساڭا تۆكىمەن.

تارىم دەرياسى، ئاتا مىراس سەن!
ئاڭلا يۈرىكىمدىن سالام بېرىمەن.
سېنى كۆرۈش ھەر بىر يۈرەك ئارزۇسى،
ئوچۇملاپ قانغىچە سېنى ئىچىمەن.

1957 - يىل، ماي

## سېغىنىپ ئەسلەيمەن تۇغۇلغان يۇرتنى

تاڭ ئاتسا ئاسماندا ئۈچەر يۇلتۇزلار،
ئالەمگە زەر نۇرىن قۇيىدۇ قۇياش.
ھەر قېتىم قارىسام كۈنچىقىش ياققا،
كۆزۈمدىن تاراملاپ قۇيۇلىدۇ ياش.



تەلمۈرۈپ قارايمەن قىيا تاشلارغا،
كۆزۈمگە كۆرۈنەر ئەجدات - ئۇچۇدۇم.
سېغىنىپ ئەسلەيمەن تۇغۇلغان يۇرتنى،
ماگىمدەك قايىنايدۇ قەلبىم ۋۇجۇدۇم.

كۆڭلۈمگە بېرىدۇ ھوزۇر ۋە ئارام،
ھەر تاڭدا ياڭرىغان خوراز ئاۋازى.
يۈرسەممۇ ئەڭ ئۇزاق شەھەرلەردە مەن،
قەلبىمدە يېزامنىڭ قوشىقى - سازى...

دولقۇنلۇق ئۆستەڭلەر شاۋقۇنلىرىدىن،
ئەسلەيمەن ياشلىقىم داۋاللىرىنى.
تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن چىن ئىلھام ئېلىپ،
يازىمەن ئۆمرۈمنىڭ باھارلىرىنى.

1959 - يىل

## يىللار قوينىدا

تۇغۇلدۇم دولقۇنلۇق يىللار قوينىدا،
ئۆستۈم ئانا يۇرتنىڭ بوستانلىرىدا.
قىپ - قىزىل رەڭ ئالدى گۈللەر، چىمەنلەر،
چېلىشچى مەرتلەرنىڭ ساپ قانلىرىدا.

كىملىكىمنى بىلدىم ئىپتىخار بىلەن،
ئانا تارىخىمىز ۋاراقلىرىدىن.
ئەسىرلەر ئۆزۈلمەي بولدۇقلاپ تۇرغان —
كارىز ھەم بۇلاقلار قوشاقلىرىدىن.

شۇ ئەلدە تۇرۇلۇپ، ئۆستۈم شۇ ئەلدە،
مېنىڭ قان- تەرىممۇ تامدى شۇ يەرگە.
مېنى ئاسراپ قالدى شۇ ئەل، شۇ خەلق،
دۇچ كەلگەن چېغىمدا مۇشكۈل خەتەرگە.

1960 – يىل

## يېزام

قارىساڭ ئۇ يېقىنغا كۆزۈڭ يەتمەس،
داۋالغۇپ تۇرغان بوستان ئېتىزلىرى.
كۈن – تۈنى پەرۋىش قىلار بەس – بەس بىلەن،
ئەمگەكچان يىگىتلىرى ھەم قىزلىرى.

بەسلىشىپ ئاسمان بىلەن بوي تالاشتى،
بۇ كۈزدە مول ھوسۇللۇق خامانلىرى.
يېزامدا ياڭرار ئەنە ناخشا – كۈيلەر،
كۈلمەكتە چۈنكى ئەلنىڭ ئارمانلىرى.

1962 – يىل



## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى بىر چاغلار تۇتۇق بەرمەستىن،
جىلغىلار ئارىلاپ بىكار ئاقاتتىڭ.
قايغۇ ۋە ئەلەمدىن تۆكۈلگەن ياشتەك،
شۇ ئېغىر ئۆتمۈشتىن قوشاق توقاتتىڭ.

«ئەسىرلەر بىر ئىزدا ئاقتىم بىكارغا،
تاش يۇيۇپ – تاش يالاپ تاشلىققا سىڭىپ.
ياكى مەن ھاياتقا بەھرىلىمىدىم نەپ.
ھايات يا ئىچمىدى مېنى بىر قېنىپ.»

كۆۋەجەپ قاينىغان ئەي تاغ سۇلىرى،
سەن ئۈچۈن بىز جەڭگە ئاتلاندۇق بۈگۈن.
چاڭقىغان چۆللەرنىڭ تەشنا لەۋلىرى،
سېنىڭ لەززىتىڭگە قانسۇن دەپ پۈتۈن.

چوققىلار كۆكسىگە ئۇردۇق بازغاننى،
تاغلارنىڭ باغرىدىن ساڭا يول ئېچىپ.
يول تۇتتۇڭ ھاياتلىق بوستانلىرىغا،
بىز قازغان ئۆستەڭدە ئويناقلاپ تېشىپ.

بەختىمىز نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ ئويناپ.
ئاقتىڭ دەۋرىمىزنىڭ شاتلىقىنى كۈيلەپ.
قويۇلدۇڭ ھاياتلىق تومۇرلىرىغا
يېشاردى قىر – دالا ياشنىدى گۈللەپ.

ۋايىغا يېتىشىپ ئۈزۈمزارلىقلار،
سەن بىلەن قۇچاقلاشتى، مەي بولۇشتى.
قەدىرلەپ سېنى سۆيگەن قىز - ئوغۇللار،
مول ھوسۇل ئېلىپ كۈزدە توي قىلىشتى.

ئۆركەشلەپ غۇلاچ ئاتقىن، تاغ سۇلىرى.
بوزلارغا مۇشۇ يېڭى ئۆستەڭ بىلەن.
پۈركىلىپ چېچەكلەرگە پۈتۈن ھايات
سىرداشسۇن سېنىڭ تاتلىق كۆلكەڭ بىلەن.

1962 - يىل، ئۈرۈمچى

## ۋەتەن

دۇنيادا قەلبىمدىن سۆيگىنىم ۋەتەن،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن كۆيگىنىم ۋەتەن.
تۇغۇلۇپ دۇنياغا، كۆز ئېچىپ تۇنجى،
ئانا قۇچىقىدا كۆرگىنىم ۋەتەن.

ۋەتىنىم، باتۇرلۇق تارىخىڭ ئۇزاق،
تارىخىڭنى ئوقۇپ ئالدىم كۆپ ساۋاق.
جەڭلەردە پارتىيەم تىكلىگەن بايراق،
بايلىقىم، تايانچىم - تۈۋرۈكۈم ۋەتەن.



پارتىيە جان بەردى، يۈرىكىمگە ئوت.
ئۇ بىلەن شىددەتلىك ياۋغا ئاچتىم ئوت.
جەڭلەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشقا مەزمۇت،
كۈچ بەرگەن يېڭىلمەس قۇدرىتىم ۋەتەن.

باغرىڭدا ھەر چىمدىم تۇپراق تۇتىيا،
مەن ئۈچۈن قىممەت ئۇ، گۆھەردىن كويا.
تەرىمدىن ئاققۇزۇپ چۆللۈكدە دەريا،
ياسىماق گۈلىستان ئىستىكىم ۋەتەن.

1962 - يىل

## باغۋەنگە

ئاڭلىغان چاغدا سېنىڭ تەرىپىڭنى،
ئۇزغۇيتتى شېرىن تۇيغۇ ئىچ - ئىچىمدىن.
ھەر قاچان كۆز ئالدىمغا سەن كېلەتتىڭ،
يېگەندە تامشىپ - تامشىپ كىشمىشىڭدىن،

كۆز تىكىپ يېشىل چىمەن بويلىرىڭغا،
تەلمۈرگەن ئىدىم كۆپتىن باغلىرىڭغا.
سەن بىلەن سەيلىتىشنى قىلىپ ئارمان،
زوقلىنىپ كەلگەن ئىدىم تاغلىرىڭغا.

بۇ جايلار ئېنىقى بۇندىن ئون يىل بۇرۇن،
بىر تامچە سۇغا تەشنا چۆل يەر ئىدى.
تاغ - ئېدىر كىمخاپ كىيىپ ياسانغاندا،
بۇ تۇپراق كۈن تەپتىدىن كۆيەر ئىدى.

قوشۇلۇپ دەۋرىمىزنىڭ ئېقىمىغا،
تاغ سۈيى كىرگەن زامان باغلىرىمغا؛
بىخ ئۇرۇپ كۆچەتلىرىڭ مېۋە بېرىپ،
تۈگمەس بەرىكەت كىردى يازلىرىمغا.

سۈپ - سۈزۈك مەيگە تولغان ھەر ساپ ئۈزۈم،
باغۋەنىم ئۈنچە ئېرىڭ نىشانىسى.
شۆھرىتىڭ ئالەم ئارا قىلدى جەۋلان،
باغلىرىڭ داڭلىق ئۈزۈم غەزىنىسى.

ھەر يۈرەك رازى سەندىن ھەي، باغۋەنىم.
قولىدا مەيگە تولغان پىيالىسى.
ئاشىدۇ ھەر ئىچكەندە شۇ تۇپراققا،
جەڭچىنىڭ مۇھەببىتى — ئىرادىسى!

چۈنكى، سەن ئۆستۈرگەن شۇ سايۋا كىشمىش،
بېيجىڭغا سوغا قىلىپ يوللىنىدۇ.
بېغىڭنى ئۇلۇغ ئۇستاز قىلدى سەيلە.*

* 1958 - يىلى جۇدې ۋېيىۋەنجاڭ بۇيىلۇققا كەلگەن ئىدى.



شۇ بىلەن شائىرلىرىڭ زوقلىنىدۇ.

كامال تاپ، باغۋەن بوۋا تېخنىكىڭدا،
ناماييش قىلىپ كۆرسەت ھۈنىرىڭنى.
ئۆگەنسۇن شاگىرتلىرىڭ زېھىن قويۇپ،
ئەل ئۈچۈن ئاتاپ سەندەك ئۆمرىنى.

1962 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان

## پوچتىكەش شۇ قىز

ھەر چاغدا كۆرىمەن ئۇنى يوللاردا،
خەت - چەكلەر توشۇيدۇ پوچتىكەش شۇ قىز.
ۋەتەنگە سادىقلىق دىلىدا دائىم،
مەنزىلگە يەتمەستىن تىنمايدۇ ھېچبىر.

تاغدىن كەچكىچە يول باسار تىنماي،
ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش قىرلار، ئورمانلار.
خەت كۈتكەن كۆڭۈللەر كۆز تۇتار ئۇنىڭغا،
ئۇندىن بەكمۇ مەمنۇن يىگىت - چوكانلار.

ئەڭ يىراق جايلاردىن يوللانغان خەتلەر،
ئۇنىڭ قولى بىلەن كېلىپ تارايدۇ.
ئۇ بىلەن قانچە ئۆي، قانچە كوچىدا،
يېڭىلىق، خوش خەۋەر سۆزى تارايدۇ.

يىراق چېگرىدىكى جەڭچى يىگىتنىڭ،
قىزى يازغان خېتى ئۇنىڭ قولىدا.
شۇ قىز تېز يەتسەم دەپ پەملەيدۇ ھامان،
ئەل ئىشقى دولقۇنلار ھەر دەم ئويىدا.

ئۇ يەنە كۆز تىكەر ئۇزاق سەپەرگە،
يېزىلار — شەھەرلەر ئۇنىڭغا يولداش.
پېچىرلار: «سۆيۈملۈك كەسپىم تۈپەيلى،
ھەممىسىمۇ رازىدۇر ھەر بىر ۋەتەنداش».

*

ئەي كۆڭۈل، دوستۇمدىن،
سۆيگەن كىشىمدىن،
خەت — خالتا ئالغاندا يادقا ئال شۇنى:
پوچتىچى ۋاقتىنى ھەر دەم چىڭ تۇتۇپ،
ئۇيقۇنى تەرك ئېتەر كۈنى ھەم تۈنى؛

يول بويى بوران ھەم يامغۇردىن مۆكمەي،
كەلمىسە كوچاڭغا چىن ئىخلاس بىلەن،
بىمالال خېتىڭنى، گېزىتىڭنى ئوقۇپ،
ھوزۇر ئالالىتتىڭمۇ ئۆيۈڭدە بىغەم؟!

1963 — يىل، فېۋرال



## ئۆچكەن ئۆمۈر

ماڭا تونۇش ئەزىز تۇپراقنىڭ
ئېتىزلىرى، ئېقىن — سايلىرى.
يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەندۇر
ئايدىڭلىرى، جىمى جايلىرى...

ئالتۇن ئىگىز قۇچاقلىرىدا،
ئومىلىقتىن باشاق تېرەتتۇق.
خامان ساقلاپ تۈنلەر ئۇخلىماي
ئەتە ئۈچۈن خىيال سۈرەتتۇق.

دوستلار بىلەن سۇغا سەكرىشىپ،
چۆمۈلەتتۇق، سۇ ئۈزۈشەتتۇق.
بىر — بىرىمىزنى سىنىماق بولۇپ،
قۇملۇقلاردا ھەم يۈگۈرۈشەتتۇق.

خاتىرەمدە يانار يۇلتۇزدەك،
ئۆستەڭ بويى مەجنۇن تاللىرى.
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناپ،
مۆكۈشەتتۇق يوقسۇل باللىرى.

مەھەللەمنىڭ گۈل تۇپرىغىغا،
قان يېشىنى تۆككەن ئەجدادىم.
سىڭىپ كەتكەن باللىغىمغا،
زالىملارغا ئۆچ ھېسسىياتىم.

ئۆكتەبىرنىڭ تاڭ شامالىرى،
كەزگەن چېغى يېزام ئۈستىنى.
ئانا يۇرتىمنىڭ سەھرا - باغلىرى،
يېڭىلىدى چىرايى - ھۆسنىنى.

كۈلۈپ كەتتى، گۈللەر، ئېتىزلار،
كۈلۈپ كەتتى دەرەخ - ئورمانلار.
ھۆرزاماندىن سۇ ئىچىپ يۈرەك،
كۈلۈپ كەتتى ئارزۇ - ئارمانلار.

دولقۇن ياساپ كارىز، بۇلاقلار،
ياشناپ كەتتى يېقىن - يىراقلار.
نەزەر سالساڭ يۇرتۇم قوينىغا
ئۇنتۇلغۇسىز بەختىيار چاغلار.

مەن ئۆتمۈشنى ئېسىمگە ئېلىپ،
ناخشام بىلەن ئېيتىمەن قوشاقلار،
كۆز ئالدىمدا جانلىنار چۆللەر،
شېكەر تۆكۈپ تىككەن - يانتاقلار.

1964 - يىل



## قۇياشنى سۆيىمەن

قۇياشنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ نۇرىدىن،
باشلىنار ئالتۇن رەڭ ھاياتبەخش كۈندۈز،
ياشىرار ھەتتاكى، پۈتكۈل كائىنات،
ئۇنىڭسىز گۈل ئاچماس ھايات، دالا - تۈز...

قۇياشنى سۆيىمەن ئۇنىڭ تەپتىدىن،
ئېرىدى مىڭ يىللار قاتقان تاغدا قار.
مىڭ يىللار چاڭقىغان چۆللەر كۆكسىدە،
كۈي - كۈيلەپ، توي تارتىپ كەلمەكتە باھار.

قۇياشنى سۆيىمەن، ئاڭا قول سوزۇپ،
بېشىنى كۆتەردى چوققىلار، تاغلار.
قۇياشتىن رەڭ ئېلىپ رەڭگا - رەڭ چېچەك،
گۈللەرنىڭ دېڭىزى چايقالدى باغلار.

قۇياشنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ تەپتىدىن،
مۆجىزە ياراتتى ھەر سىقىم تۇپراق.
ئۇنىڭدىن رەڭ ئېلىپ قاقتى قاناتلار،
يۇلتۇزدەك ساناقسىز قىپ - قىزىل بايراق.

قۇياشنى سۆيىمەن، چۈنكى شۇ قۇياش،
بىزنىڭ ئېلىمىزگە ئېگىپ ئۆتەر باش.

ۋەتىنىم قۇياشى چاچقان نۇر بىلەن،
جان ئىلىم قۇياشتەك كۆتەرمەكتە باش.

1965 ـ يىل

## تاغلارنى سۆيىمەن

تاغلارنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ كۆكسىدە،
قۇياشقا بوي سوزغان چوققا بار تالاي.
ئەسلىتىپ ساناقسىز قەھرىمانلارنى،
ياشنىتىپ تۇرىدۇ يېشىل قارىغاي.

تاغلارنى سۆيىمەن، تاغ بۈركۈتلىرى،
تاغلار ئاسمىنىدا قاناتلار قاقار.
دولقۇندەك ئۇتاشقان قىيا باغرىدىن،
بۇلاقلار شارىلداپ ئورمانغا ئاقار.

تاغلارنى سۆيىمەن، ھەر بىر چوققىدا،
باتۇرلار يۈرىدۇ، لەپىلدەپ بايراق.
ئۇ بىزنى چاقىرار قەھرىمانلىققا،
پوستىكى جەڭگىۋار جەڭچىدەك ئويغاق.

تاغلارنى سۆيىمەن تاغ بۈركۈتىدەك.
تاغ مېنىڭ بايلىقىم ـ مەدەنلەرگە كان.



پايتەخت ئاسمىنىدا تۇرغاندەك خۇددى،
ئۈستىدە يىراقنى كۆرىمىز ھامان.

1965 ـ يىل، يانۋار

## سۆيىمەن تۇپراقنى

سۆيىمەن تۇپراقنى، شۇ يەر ـ تۇپراقتىن،
بوي سوزار ئاسمانغا كۆچەت، ئىمارەت.
يەردە گۈللىگەن باغ، زاۋۇت، مەكتەپتىن.
كىشىلەر قەلبىگە ئالىدۇ راھەت.
شۇ ئانا تۇپراققا قايناق يۈرەكتىن،
ئېقىن بوپ ئاقىدۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

سۆيىمەن تۇپراقنى، يەر يېرىپ ئۈنگەن
مايسىدىن يېتىلەر ئالتۇن رەڭ بۇغداي.
شۇ بۇغداي ئىشقىدا يەڭنى چىڭ تۈرگەن،
ساناقسىز باتۇرلار چوققىدا قارىغاي.
ھەر خامان ئاشلىقى بولۇتنى سۆيگەن،
چەشلەردىن ئارتىلىپ ئۆتەلمەس تورغاي.

سۆيىمەن، ئانا يەر ئۈستۈردى تالاي
تاغ يۈرەك، گاڭ بەدەن قەھرىمانلارنى.
شۇ تۇپراق يولىدا ئۇلار داتلىماي
جان بەردى، ياراتتى ئۆچمەس سانلارنى.

ئۇلارنى قانداقمۇ ئويلىماي تۇراي،
ئاشۇلار ئويغاتقان تۈندىن تاڭلارنى.

سۆيىمەن تۇپراقنى، ئەۋلات قېنىدىن
قىزارغان خۇاڭخېنى، مەڭگۈ ئاقىدۇ.
چاڭجياڭ، يالۇجياڭنى سۆيۈپ جېنىدىن،
شائىرلار كۈيلىرى قانات قاقىدۇ،
چۇ يۈەن، تاۋيەنمىڭ ... ھەرتاڭ يېڭىدىن،
شۇ تۇپراق بىزىگە بىزەك تاقىدۇ.

سۆيىمەن تۇپراقنى، لى بەي كۈيلىگەن
شۇ قەدەم دىيارنى قۇمۇش قەلەمدە،
بەي جۈيى شېئىرىدىن تاجى كىيگۈزگەن
شۇ گۈزەل تۇپراقنى ھەر بىر قەدەمدە.
تۇنجى قەغەزنىمۇ شۇ تۇپراق بەرگەن،
ھەم پۇرۇغ، كومپاسنى جەڭگە يۈرگەندە...

سۆيىمەن تۇپراقنى، ئۆز يۈرىكىمدەك —
قوغدايمەن گوياكى بولۇپ خۇاڭ جىگۇاڭ.
يەر شۇنچە ئەزىزكى، ئۆز سۆيگىنىمدەك،
قۇچاقلايمەن ھەر بىر زەررىسىن ھەر تاڭ.
شۇ تۇپراق ئۈستىدە يامراپ كەلگۈندەك،
لېي فېڭ سەپداشلىرى قۇچماقتىمىز شان.



سۆيىمەن تۇپراقنى، ھەرچى تۇپراقتىن،
ئۆسكەندەك سولاشماس قارغاي ئورمىنى.
ئۆسۈپ چىققى مەرتلەر، ئۆتتى سىناقتىن،
تۇغ ئەيلەپ كۆتىرىپ ئوغاق — بولقىنى.
زامانى قۇردۇق بىز پولات، تاختىدىن،
چاپالىق جەڭ قىلىپ ھەر تۈن — ھەر كۈنى.

سۆيىمەن تۇپراقنى، يەرگە تايىنىپ،
مىڭ يىللار قېرىماي كەلدى تىيانشان.
بۇڭا گۇۋا مەھمۇت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
گۇۋاھ ۋاڭيەندى ھەم گۇۋا ئىپارخان.
يەلكىگە شۇ تۇپراق يۈكىنى ئارتىپ،
كېلەر تارىخ بويلاپ مىڭلاپ قەھرىمان...

سۆيىمەن تۇپراقنى، ئۇندا ئۆملەپ
مېڭىشنى ئۆگەندى كۆرمىك ئىز باسار.
سۇن جۇڭسەن قىرىق يىل تەرلەپ ھەم ئۆرلەپ
سەپ تارتىپ كېلىدۇ قەلبىدە باھار،
تاغدىكى ھەر چوققا باتۇرلار قەددى،
چوققىلار شۇڭلاشقا پارلاپ كۆز چاقار.

سۆيىمەن، نۇر سۆيگەن بۈيۈك چوققىلار،
لى داجاۋ قەددىدەك پۈكۈلمەس ھەرگىز.
بۇندا لۇشۈن ئوخشاش مەرتلەر تۇغۇلار،

تۇپراققا مۇھەببەت — سۆيگۈسى چەكسىز،
لۇشۇننىڭ شاگىرتى مەرتلەر تاۋلىنار،
نۇتۇن ناخشا ئېيتقان يەرلەردە چەكسىز.

سۆيىمەن تۇپراقنى، ئۇنى نۇرلاتقان،
پارتىيە ئىسسىلىك ئۆچمەس قۇياشنى.
ھاياتبەخش نۇرىدا بىزنى ياشناتقان،
بىزگە چىن زاماندىش داھى يولداشنى.
يولداش ماركسنى بىزگە تونۇتقان،
ئىنقىلاپ ئوتىدا قەلب تاۋلاشنى.

سۆيىمەن تۇپراقنى، سۆيۈملۈك ماكان،
سەزگۈگە كىرگۈزۈپ ھەر تۇپراق - تاشنى.
ئىنقىلاپ ئوتىدا تاۋلاپ ھەر قاچان،
ئۆگەتتى بىزلەرگە قانداق ياشاشنى.
سۆيگۈم شۇ تۇپراققا گوياكى ئوكيان،
قاينايدۇ، ئەبەدى بىلمەس توختاشنى.

1965 - يىل، يانۋار

## يىل ئۇزاپ يىل كىرگىچە

ياقۇت رەڭ شاراپ تولغان قەدەھلەرنى،
كۆتەردۇق دوستلار بىلەن ئۆتكەن ئاخشام.



قەدەھلەر سادىسىدەك شات كۈلكىلەر،
ئۈزۈلمەي تاڭ ئاتقۇچە ئەتتى داۋام.

مەن دېدىم: — يىل كەپ يەنە يىل ئۇزاپتۇ،
ئىستىقبال قىزى بىزگە يول قاراپتۇ.
ۋەلېكىن دېدى دوستۇم: — قىزنىڭ شەرتى،
تىك داۋان ھەم تال بولۇپ يول توساپتۇ.

مەن دېدىم: — قانچە ئىگىز بولسىمۇ تاغ،
يول ئېچەر بىزنىڭ قەيسەر ئىرادىغا.
تاغلارنى تىز پۈكتۈرۈپ ئادەم ئاتىر،
پارتىيەم باشلىق يېتەر مۇرادىغا.

ياقۇت رەڭ شاراپ تولغان قەدەھلەرنى،
كۆتەردۇق دوستلار بىلەن ئۆتكەن ئاخشام.
قەدەھتەك جاراڭلايدۇ، شات ناخشىلار
يىل ئۇزاپ، يىل كىرگىچە ئەتتى داۋام.

1965 يىل، يانۋار

## كۆتىرىمەن ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى

كۆتىرىمەن ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى،
ئاق سۈت بەرگەن ئانام مەندىن شۇنى كۈتكەن.
قەھرىمان بول! — دېيىتتى ئاتام،
بېشىمنى سىلاپ:
— بالام ئەمەس مۈشكۈلگە دۈچ كەلسە تىز پۈككەن.

بىلسەڭ ئوغلۇم، باتۇر ئەجدات نەسلىڭ سېنىڭكى،
ئەسىرلەردىن بۇيۇملىرىڭ نۇرغۇن قان تۆككەن.
ئۇلۇغ ۋەتەن،
بەخت ئۈچۈن، پىدا ئەيلەپ جان
قەسەم سۆزىن بايراقلارغا قان بىلەن پۈتكەن.

باتۇرلارنى كۆردۇم تارىخ ۋاراقلىرىدىن،
هايات - مامات سىنىقىدىن مەردانە ئۆتكەن.
ئوت چاچرىتىپ هەر بىر باسقان قەدەم ئىزىدىن،
چاقماق بولۇپ،
قارا بۇلۇت كۆكسىنى بۆسكەن.

كۆردۇم قەيسەر،
ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن مەرتلەرنى،
مىسران قىلىچ ئوينىتىپ، ياۋ بېشىنى ئۈزگەن.
كەسكىن جەڭلەر قاينىمىدىن،
دولقۇنلار يېرىپ،
غالىبىيەت سەھنىسىدە تەختىنى تۈزگەن.

ئىنقىلاپنىڭ مۇشۇسىگە ۋارىس مەن بۈگۈن،
دۇلدۇل بولۇپ ئالدىم ئۇنىڭ ئېغىر يۈكىنى.
ۋەتەن ئۈچۈن جەڭدە قالقان بولمىسا قەلبىم،
ئورۇندالماس ئەزىز ئاتا - ئانام كۈتكىنى.



گىراجدانىمەن ئەزىز ئەلگە!
پەخرىم شۇندادۇر!
تومۇرۇمدا قاينار ئۈمىت — باهار كەلكۈنى.
شامدەك يېنىپ ئۆچۈپ قالماي،
خۇددى قۇياشتەك —
نۇرغا پۈركەش بۇرچىمىزدۇر، ۋەتەن كۆكسىنى!
ئالدىم، يەنە ئالىمەن جەڭ ئېغىر يۈكىنى،
مۇشۇ مەندىن ئەزىز ۋەتەن - ئانام كۈتكىنى،

1965 - يىل

## ئەلبوم ۋاراقلىغاندا

ئاخشىمى ئەلبومنى ۋاراقلاپ ئاچسام،
ئاجايىپ مەنزىللەر كېلەر ئالدىمغا.
ئوقۇيمەن دوستلارنىڭ يازغان خېتىنى،
زەپ شېرىن سائەتلەر كېلەر يادىمغا.

قارايمەن دوستلارنىڭ سۈرەتلىرىگە،
مۇلايىم كۆزلىرى ماڭا تىكىلەر.
«يۈرىكىم سېنىڭدە قالدى دوستۇم
دوستۇڭنىڭ باغلارغا گۈللەرنى ئېكەر»

شۇنداق دەپ يېزىپتۇ ئاخىرقى بەتتە:
«دوستۇم چىن قەلبتىن سۆيىمەن سېنى.

خوش دوستۇم ياخشى قال، كەتتىم ئاتلىنىپ،
چېلىشلار بەيگىسى كۈتمەكتە مېنى...»

ئايرىلىش بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر نەرسە،
بىراق ئۇنتۇلماس چىن دوستلۇق ئەبەت.
چۈنكى، ئۇ يۈرەككە چوڭقۇر يېزىلغان،
ھېچقاچان بۇزۇلماس دوستلۇق مۇھەببەت.

دوست دېگەن ئاددى سۆز، گۆھەردىن قىممەت،
قەدرىگە يېتىمدۇ چۈشەنگەن كىشى.
ھەقىقى دوستلۇققا خائىنلىق قىلىش،
ۋىجدانسىز، ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ئىشى.

ئاخشىمى ئەلبومنى ۋاراقلايمەن جىم...
شۇ ئەزىز مىنۇتلار شات ئېتەر دىلنى.
قەدىردان دوستلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن،
گۈل بىلەن بېزەيمەن ھەر پەسىل، يىلنى!

1972 - يىل

## دېخان قەلبى

تۆگىمەس بولاقتۇر دېخاننىڭ قەلبى،
تەر تۆكەر ئا ياز ھەم تومۇزدىن قاچماي.



كۈندۈ تۈن ئېتىزدا قاينار پۇرۇقلاپ،
ئىشلەيدۇ، ئىشلەيدۇ ھېچ ئارام تاپماي.

تۆگىمەس بولاقتۇر دېخاننىڭ قەلبى،
تەردىن چۆللەردە ئاققۇزدى ئېقىن.
غايىسى گۈللەنگەندەك گۈزەل ۋە پارلاق،
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن گۈللەندى زېمىن.

تۆگىمەس بولاقتۇر دېخاننىڭ قەلبى،
ئۆستۈردى كۆز يەتمەس ئىھاتە ئورمان،
ئۇخلىسا چۈشىدە كۆرىدۇ شۇنى،
ئەجرىدىن گۈللەيدۇ بۇ ئانا ماكان.

تۆگىمەس بولاقتۇر دېخاننىڭ قەلبى،
قېنىدا جەسۇرلۇق، شادلىقى قاينار.
دېخاننىڭ شۇ ئىسىل خىسلەتلىرىنى،
ئۆگەنسەم ھاياتىم باھاردەك ياشنار.

## باغۋەن تېرى

تۇرمۇشىمىز ھەسەلدىن شېرىن،
شېرىن قىلغان مېھنەت ۋە كۈرەش.
يېشىل بوستان كۆكىرەلەمدۇ؟
ياشىمىسا دەريالار ئۆركەش.

دەريا ئەمەس شاقىراپ ئاققان،
ئەلنىڭ مېھرى، پارتىيە مېھرى.
باغ - ۋارانلار بېرەلمەس مىۋە،
تۆكۆلمىسە باغۋەننىڭ تېرى.

تۇرمۇش گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل،
ھەممىدىن ئۈزكىشىلىك ئۆمرى.
نەپ بەرمىسە گۈزەللىك ئەگەر،
تىرناقچىلىك بولمايدۇ قەدرى.

1978 - يىل

## جەڭچى ئۈچۈن

ياشالمايدۇ جەڭچى كۈرەشسىز،
تۇرمۇشىغا سىڭگەن بىر ئادەت.
يۈكسەلمەيدۇ ھايات كۈرەشسىز،
بۇ تارىخقا ئايان ھەقىقەت.

مەيلى قانداق بولسۇن شارائىت،
جەڭچى ئۈچۈن بولماس مۈشكۈلات.
تاغنى يۆتكەپ، چۆلنى گۈل قىلار،
ئىرادىسى جەڭچىنىڭ پولات.

ئەل ئىشىدا چەكسە مىڭ جاپا،
ھېس قىلىدۇ يېگەندەك ناۋات.



ئارزۇلىرى قاينار بولاقتەك،
ۋەتەن مېھرى بېغىشلار قانات.

1978 - يىل

## ياد ئەتسەم لۇتۇننى قەلبىم سۆيۈندى

دەرىزەم ئالدىدا ئۆرۈك گۈللىرى،
قەلبىمدىن سېغىنىش ھىسسى ئۇرغىدى،
يەنە قايتىپ كېلىپ باھار قۇشلىرى،
شاخلاردا چۇرۇقلاپ سېنى سورىدى.

«مانا يېقىن قالدى تويلار ھارپىسى،
قايتىپ كەلمىدىمۇ قاينام ئۆركىشى؟
ئۇنىڭ ناخشىسىغا ھېرىس ئىدۇق بىز،
دېيىشتى ئۇ: ۋەتەنىنىڭ پارلاق كەلگۈسى...»

لۇتۇننى ئەسلىسەم، جەڭنى ئەسلەيمەن،
جاراڭلار سامادا ئۇنىڭ ناخشىسى.
ئۇ تۆككەن قان - تەردىن گۈللەر ئېچىلىپ،
ئاقلاندى شائىرنىڭ ۋىجدان نومۇسى.

لۇتۇننى ئەسلىسەم، پەخىرلىنىمەن،
جەڭلەردە - فىرونتتا ئالدىدا ماڭغان.

هەم نەيزە، هەم مىلتىق قىلىپ قەلەمنى،
كونا دۇنياغا دادىل ئوت ئاچقان.

لۇتۇننى ئەسلىسەم، جانلىنار تارىخ،
ئۇ يۈرگەن يەرلەردە بوستان قۇرۇلدى.
گۈلزارلىق ئىچىدە بۇلبۇل ئاۋازى،
قەھرىمان شەنىگە داستان توقۇلدى.

تاغ، ئېدىر، ئېتىز، قىر، سەھنىدۇر ئۇندا —
شائىرنىڭ جەڭگىۋار قەددى كۆرۈندى.
قەھرىمان ئەدىبنى ئۆستۈردى خەلق،
لۇتۇننى ياد ئەتسەم قەلبىم سۆيۈندى.

1979 – يىل

# كىندىك قېنىم گۈل ئاچقان دىيار

بۇۋىلار سۆيۈپ ئۆتكەن قۇتلۇق ماكان،
تارىختا نامىڭ مەشھۇر تىلدا داستان.
ئەل ئاتار «ئوت يۇرتى» دەپ سېنى تۇرپان،
دەۋرىمدىن قەلبىڭ يورۇپ بولدۇڭ بوستان.
گۈل ئاچتى كىندىك قېنىم قۇچىقىڭدا،
بەختىمنى كۈيلىدىم مەن قوشىقىمدا.



كۆز تىكسەم:
ھەيۋەت ئىگىز مۇنارىڭغا،
ئاسمانغا باش تىرىگەن راۋىقىڭغا.
كۆرۈندى كۆزلىرىمگە ئەجدادلىرىم،
ئەزەلدىن مېھرىن بەرگەن تۇپرىقىڭغا.
دوست تۇتۇپ ھۈنەر – سەنئەت، مەرىپەتنى،
مەزمۇنلار بەرگەن ئۇزاق تارىخىڭغا...
ماڭىمۇ ئانام ئوخشاش قەدىرلىكسەن،
تارىختا نامىڭ ئۇلۇغ، پەخىرلىكسەن!

كۆز تىكسەم؛
دۆۋە – دۆۋە قەۋرىلەردەك
كارىزلار تەشنىسىدىن كەلدى سادا:
بىز ئۆسكەن ئانا يەردە ئۆسەر مەرتلەر،
تۆكۈلگەن قانى تەرلەر بولغا گۇۋا.
گۈل بولدى شۇ ئانا يەر بوستانلىشىپ،
بەختىمىز بولاقلىرى مارجان چېچىپ.

ئۆكتەبىر نۇرى يۇيۇپ ياشناپ تۇرغان
گەۋدەڭنى كۆرگىنىمدە مەن سۆيۈندۈم.
ئانىدەك باغرى كەڭرى قۇچىقىڭدا،
بىر يۇمران مايسا ئىدىم، نۇرغا چۆمدۈم.
ھە، شۇڭا توشتى مانا ئوتتۇز يىلمۇ،
مىۋىلەر كۆچەت ئوخشاش گۈلگە تولدۇم.

*

ئانىجان، ساڭا بولغان پاك مۇھەببەت،
دەسلەپتە غۇنچە ئىدى، ئاچتى چېچەك.
چېچەكلەر غورىسىدىن ھاۋا پۇتتى،
مېھرىدىن لەززەتلەندى كۆرمىگەن يۈرەك.
خىيالىم قۇشى ھامان كېزەر ئالەم،
جاھاندا سۆيگىنىم يوق سەندىن بۆلەك.

خوشاللىق دەريا بولۇپ، تاشقىن بولۇپ،
ئۆركەشلەپ قىرغاقلاردىن تېشىپ ئاقتى.
يوغىناپ تەلەي شېخى يىلدىن - يىلغا،
بەختىمىز قۇشى كۆكتە قانات قاقتى.
بۇ يەردە ئۆتكەن ئەجدات روھى كۈلۈپ،
دۈشمەنلەر غەمگە پېتىپ، بېشى قاتتى.

ئاۋازىڭ يەتمەيدىغان چوققىلارغا،
ئات سېلىپ قىزىل تۇغلار قادىدۇق بىز.
قىسقارتىپ ئەسىرلەرنىڭ مەنزىلىنى،
ئەجداتلار ئۈمىدىنى ئاقلىدۇق بىز.
ئۇچۇرۇپ ئالەم ئارا سۈنئىي ھەمرا،
ناخشىلا ئېيتىپ كۆكتە چاقنىدۇق بىز.

ئانىجان مېھرىڭ تېگىپ يۈرەكلەرگە،
نامىڭنى ئوغلانلىرىڭ كۈيلەپ ئۆتەر.



چەكلەردە قۇربان بولغان باتۇرلارنىڭ،
قەۋرىگە گۈل - چېچەكلەر تۆكۈپ ئۆتەر.
ئەجداتلار سالغان تەدىم قەلئەلەرنى،
تاڭ بىلەن زىيارەت قىلىپ سۆيۈپ ئۆتەر.

سەن بوگۈن ئۆكتەبىرنىڭ سەھىرىدە،
كۆرۈندۈڭ قۇياش بىلەن يۇغا رغاندەك.
ئالدىمدىن يۈگرۈپ ئۆتتى گۈل - چېچەكلەر،
كۆرۈندۈڭ ھەر كۈن سېرى ياشارغاندەك.
ئانىجان گەرچە يېشىڭ ئالەمگە تەڭ —
بولسىمۇ ئۆكتەبىرنىڭ يېشى ئۆلچەم.
ئۆكتەبىر گۈلدۈرىدە تۇغۇلدۇق بىز،
بۇ ۋەتەن بېغى بولدى باھار كۆكلەم.

*

ئانىجان، ساڭا بولغان پاك مۇھەببەت،
بەرمەكتە چەكسىز قۇۋۋەت — كۈچ، ھارارەت.
شۇ كۈچتە تاغنى تۈزلەپ گۈلگە پۈركەپ،
ئاققۇزدۇق سۇ ئورنىدا چۆلدە شەربەت.
يازغىنىم پەقەت ئۇنىڭ بىر تامچىسى،
كۈيلەيمەن سېنى ئېلىم، سۆيۈپ ئەبەت،
كۈيلىسەم قانماس يۈرەك زامانەمنى،
چېرتىسەم تالماس بىلەك دۇتارىمنى.

1979 - يىل

# قەدىمقى يۇرت، ئۆرلە، كامال تاپ

بېغىمىزنىڭ ئۈزۈمى مەشھۇر،
كۈن ـ تۈن ئىشلەر باغۋەنى غەمخۇر.
مېھرى دەريا سىڭدى باغلارغا،
ماڭلىيىدىن تۆكۈلگەن يامغۇر.

ئىللا رەڭلىك يەرلەر تۇتىيا،
دىلنى مەپتۇن ئەيلەر ھەر گىيا،
كۈلۈپ تۇرغان چېچەك باغلارغا،
تەلمۈرۈشۈپ كۆز تىكەر دۇنيا.

يىگىتلىرى باتۇر شۇ قەدەر،
قىزلار شۇنچە چىۋەر ئىش سۆيەر.
ئىش ئىزلىرى ھەممىگە مەشھۇر،
قوللىرى گۈل، قەلبى ئەل سۆيەر.

ئەل ئەجرىدە يارالدى بۇيلۇق،
گۈل ـ گۈلىستان، قىپ ـ قىزىل چوغلۇق،
ھەر نەرسە بار بېھىشنىڭ ئۆزى،
بېھىش بۇ دەپ تىلغا ئالغۇلۇق.

بۇيلۇق بوستان يامغۇر ئۆتەلمەس،
بۇلبۇل، كاككۇك ئەگىپ كېتەلمەس.
سەككىز جەننەت، تۈمەن مىڭ ئەلۋان،
گۈزەل دەيدۇ بۇڭا يېتەلمەس.



ساپاق ـ ساپاق مەرۋايىت كىشمىش،
تەمى بالدىن ئارتۇق يېمىسىڭىز.
بىجاقىسى، سۈزۈكقاش تېشى،
سۆز يېتىشمەس تەسۋىر قىلسىڭىز.
قىزىل سايۋا قىپ ـ قىزىل مارجان،
تاۋلىنىشى كەھرىۋا سىمان.
كۆز چاقنىتار گوياكى ياقۇت،
دولقۇنلانغان مىسالى ئوكيان.

قەدىم تۇرپان سەن قۇتلۇق ماكان،
قوغۇن ـ تاۋۇز ھەم ئۈزۈمگە كان.
شەربەت قاينار ھەر سۇڭ يېرىڭدىن،
ئازات زامان بەرگەچكە ئىمكان.
قەدىمقى يۇرت،
ياشا، كامال تاپ،
يۇقۇرىغا ئۆرلە قانات قاق.
ئىش ئەجرىڭدىن داستان يارىتىپ،
كەڭ بىساغرىڭغا شەرەپ گۈلىن تاق.

## بىر تىلىم قوغۇن

ھوڭنىڭ* قوغۇنىدىن يېدىم بىر تىلىم،
شىرىن شەربىتىدىن يېرىلدى تىلىم.
كەيپى شاراپنىڭمۇ بولماس مۇنچىلىك،
ۋىسال سۆيگۈسىدەك ياشاردى دىلىم.

* ھوڭ — تۇرپان ئويمانلىقىدىكى جاي ئىسمى، بۇيەر داڭلىق.

قىزىقتىم بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمىشكە،
بۇ قوغۇن شۇنچە تاتلىق نېمىشكە؟
ھېس قىلدىم شىر كەيپ ھوزۇرغا پېتىپ،
لەززەتلىك بولۇشى باغلىق پەرۋىشكە.

ئەجرەڭ تاتلىق، مېۋىسى تاتلىق،
دېگەن بىر ماقال بار قەدىمدىن تارتىپ.
ئەجداتلار ئەيلىگەن تەمىنى ناۋات،
چىن پۈتمەسەڭ، يەپ كۆرگىن كېلىپ.

## ئالما تۈۋىدىن ئىگىز چوققىغا

چاپىدۇ باغلاردىكى ئالما، ئانار كۆز ھېدىنى،
ئۈندىكى قىز كۆلكىسىدىن يۇرتىمىز بەكمۇ خۇشال.
زوقلىنار قىز كۆلكىسىدىن خاماندىكى پالۋان يىگىت.
ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تارقىتار ھەر تاڭ شامال.

ئۈزسە قىز باغدا ئانار، ئالما سېۋەتلىق تولدۇرۇپ،
ئېپ ماڭار پالۋان يىگىت ۋوگزالغا ھارۋا چاپتۇرۇپ.
بەك ئۇزاق چېگرىدىكى دوستلارغا بولسۇن بۇ سوغات.
قوغدىدى بۇ باغ — ۋەتەننى پوستاكىن- تىكەن چىڭ تۇرۇپ.
جانىجان بۇرچىنى بىلگەن جەڭچىلەر تەگسە ئېغىز،
بۇ دالان كارىز بويىدا بىزگە چوڭ توي بولغىنى.
بەك ئۇزاق مەنزىلگە ئۇچتى ئالما تۈۋىدىن قىز ـ يىگىت،
قولنى ـ قولغا چىڭ تۇتۇپ، كۆزلەپ ئۇلۇغۋار چوققىنى.

1978 ـ يىل



## جاھان بازىرىدا تۇرپان ئۈزۈمى

جەننەتنى ئەسلىتەر ئۈزۈمزار بويلۇق،
چۈنچىلەر گويا كى مېھماندوست راۋاق.
مۇناقى كىشمىشى مەرۋايىت ياقۇت،
بىر ساپتا تولدۇ چىنە يۇ تاۋاق.

شاتلىقىم ئۇردى جۇش ئىلىق ئۈزۈم باسقان،
ۋاگونلار يۈرگەندە پايتەختكە تامان.
يالقۇنتاغ ئۈستىدە ئۈزىتىپ دېدىم،
— بېيجىڭغا زەخمەسىز يەتكۈزگىن ئامان.

چېكى يوق كۆچەتزار تۆمۈر يول بويى،
بۇ يولدا ياڭرايدۇ شات تۆمۈر كۈيى.
«پارتىيە دەۋرىدە تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ،
جاھان بازىرىدا ئاشتى ئابرويى»

1978 ـ يىل

## ھوڭ ـ بېيجىڭ ئارىسى ـ قوغۇنلۇق يولى

باراڭدا ئادەملەر ئۆكسۈمەس پەقەت،
بار مۇندا قېرى ـ ياش، يىگىت ـ قىز، چوكان.

رازى بوپ ھەممىنى ئۇزار بۇ يەردىن،
دىلىغا لەززەت ئېپ، سىلىشىپ چوقان،

چاقىرار قوغۇنچى يولدىن ئۆتكەننى،
— باراڭدا سەگىدىگەچ ئولتۇرۇپ كېتەڭ.
قوغۇندىن نەچچىنى تىلىپ بېرەي مەن،
مەرھەمەت، خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ كېتىڭ.

بۇ يىل يەك ئوخشىدى ھوكىنىڭ قوغۇنى،
قېلىشماس تەمىمۇ شېكەر - ناۋاتتىن.
ئېپ ماڭار داڭلىشىپ مۇشۇ قوغۇننى،
قانچە مىڭ يول بېسىپ، كېلىپ ئۇزاقتىن...

ئۈزۈلمەس بۇ يەردىن كارۋان - ماشىنا...
تىنماستىن قاتنايدۇ سەپەر دۇلدۇلى.
شۇ بىر كەپ تارقالغان خەلقى ئالەمگە،
ھوك — بېيجىڭ ئارىسى — قوغۇنلۇق يولى.

## باھارنى ئەسلەسەم سېنى ئەسلەيمەن

تاڭ بىلەن قولۇمغا ئالدىم قەلەمنى،
ئۈنچىلەر تىزماق بوپ ئاپپاق بەتلەرگە.
باھاردا يەر - زېمىن گۈلگە تولغاندەك
ھېسلىرىم كۆمۈلدى گۈل - چېچەكلەرگە.



باھارنى سۆيىمەن، چۈنكى باھاردا،
ئېچىلدىم رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر قاتارى.
ھاياتىم كۆچىتى مۇڭگە كىردى،
مۇڭگە كىرگەندەك باغنىڭ ئانارى،

باھارنى ئەسلىسەم سېنى ئەسلەيمەن،
باھارنى كەلتۈرگەن ئۆزۈڭ پارتىيەم.
چېچىلغان قۇم ئىدۇق، تاغ بولدۇق مەزمۇت،
مىھرىڭدىن ھەر مىللەت بولۇپ ئىناق - جەم.

سېغىنىپ باھارنى، باھار قۇشلىرى،
قايتقاندەك تاڭ بىلەن ئۆز ئۇۋىسىغا.
پارتىيەم سەن بەرگەن باھار بىلەنلا
خەلقلەر قانماقتا دىل ئارزۇسىغا.

گۈل ئۆسەر توپا، تاش باغرىنى يېرىپ،
سېپىلگەچ كۈن نۇرى، باھار يامغۇرى.
پارتىيەم مىھرىڭدىن ھەر بىر كىشىنىڭ،
گۈل ئاچتى ئارمانى، بەختىيار ئۆمرى.

باغلارنىڭ بولغاندەك تاڭ قوشاقچىسى،
تاغلارنىڭ بۈركۈتى، پالۋان جارچىسى.
پارتىيەم سەن ئۆزۈڭ ۋەتەن بېغىنىڭ،
باغۋەنى، غەمخورى، ئۇلۇغ ئاتىسى.

بۇ ۋەتەن بېغىنىڭ تارىخى ئۇزاق،
تارىخنى ئەسلىسەم ئالدىم كۆپ ساۋاق.
تارىخىي چېلىشلار يەكۈنى بولۇپ،
پارتىيەم سەن بولدۇڭ بىزگە تۇغ — مایاك.

شۇ تۇغنى چىڭ تۇتۇپ يۇردۇق جەڭلەرگە،
ھەم ئاچتۇق ھاياتتىن يېڭى بىر ۋاراق.
ئۇنىڭدىن كۆرۈنەر بەختىمىز بىزنىڭ،
سەن بارسەن، ياشنايدۇ بۇ ئانا تۇپراق.

1980 — يىل، ئىيۇل

## مەرىپەت ئۇستازى

قايتا يۈز كۆرۈشتى خەلقىمىز بىلەن
قەدىمىي زاماننىڭ يادىكارلىقى.
بوۋىمىز مەھمۇتنىڭ يېزىپ قالدۇرغان
«دىۋان»ى مەرىپەت چېمەنزارلىقى.

ئەجداتلار ئەقلىنىڭ گۆھەرلىرىنى
ھەر قۇرغا نەقىشلەپ چاقناتقان قامۇس.
قەلبىمدە ئېيقانتى غۇرۇر — ئىپتىخار
ئانا تىل سېپىگە تىل قاتقان قامۇس.

• «تۈركى تىللار دىۋانى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



ئويلايمەن، ئويلىسام كېلەر ئالدىمغا،
دېڭىزدەك كۆڭلى كەڭ ئۇلۇغ بىر ئادەم
ئۇ ئۆتتى تەۋەرۈك مىراس قالدۇرۇپ،
قەلبىدە بار ئۇنىڭ پايانسىز ئالەم.

تارىخنىڭ يادىدا، ئۇ بىر پەيلاسوپ،
ئىلىم ئاسمىنىدا يانغان بىر يۇلتۇز.
ئۆچمەيدۇ ئەسىرلەر بورانلىرىدا
چاقنايدۇ يىلمۇ — يىل كېچەيۇ كۈندۈز.

كېيىكلەر ئوتلىغان تاغ — ياپلاقلاردا،
شۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ قەدىمى قالغان.
سىردىشىپ دېھقانلار بىلەن ئېتىزدا،
بىر ناننى تەڭ يېگەن، خاماندا قونغان.

تاغلارنى يارغان ئۇ تۇۋۇلغا * قەلبى،
ئېتىزنىڭ ئۈستىدە نەيزە — ئوقياسى.
ھەر تاشتا مۆھۈر بوپ قالغان ئىزلىرى،
ئۇناتىق، خەلقنىڭ جەسۇر بەرناسى.

1980 — يىل

• تۇۋۇلغا — بىر قۇشنىڭ ئېتى. مەھمۇت قەشقەرى ئۆز دىۋانىدا: ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قۇشنىڭ 2 قانىتىدا پولات بار ئىمىش. ئۇ قانىتى بىلەن بىر ئۇرۇپ، تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش ... دەپ ئىزاھلىغان.

# مەرگەن يىگىت

(ناخشا تېكىستى)

جەڭگە چىقسا مەرگەن يىگىت،
ۋەتەنگە سۆز بەرگەن يىگىت.
بۈركۈت بولۇپ بورانلاردا
مەيدىسىنى كەرگەن يىگىت،

ئىلىم - پەننىڭ دېڭىزىدا
كاراپ بولۇپ ئۈزگەن يىگىت.
ماھىر بولۇپ ھەر كۈرەشتە
توسقۇنلارنى بۆسكەن يىگىت.

يېزىمىزدا مەرگەن يىگىت،
ئەلگە مېھرىن بەرگەن يىگىت.
تۆتلىشىشنىڭ پويىزىنى،
ھەيدەپ ئالغا سۈرگەن يىگىت.



# ئايدىڭ كېچىدە

(ناخشا تېكىستى)

جىمجىت، ئاپپاق ئايدىڭ كېچىدە،
يۇلتۇزلارغا تىكتىم كۆزۈمنى.
ئاسمانىدىكى تولغان گۈزەل ئاي،
ئەسلەتكۈزدى يارىم يۈزۈڭنى.

كۈتتۈم سېنى گۈزەل جانانىم،
ئاي پاتقۇچە دەريا ياقىلاپ.
ئوبرازىڭنى ناخشامغا قاتتىم،
تۈن ئۇخلىماي ئىسمىڭنى يادلاپ.

ناخشا ئېيتىم چۆلدە، شەھەردە،
ئاي پاتقۇچە تۈندە، سەھەردە.
دىلىم سۆيگەن يارىم قەيەردە؟
قانات ياساپ بارسام شۇ يەرگە.

1980 - يىل

# كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي

ئانا يۇرتۇم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي،
بۆشۈك بولغان باغۇ بوستان، تاغ، دالا ساي،

يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەن قوشاقلىرىڭ،
پەرزەنتىڭمەن باتۇر خەلق - خىسلەتكە باي.
ئىدىقۇت ئىدى ئەجداتلىرىم تەر تۆككەن جاي
بىنا قىلغان بۇندا سېپىل، شەھەر - ساراي.
كارىزلاردا ئاققان ئەجدات قان - تەرلىرى،
بولغان ھاسىل سۆڭەكلەردىن تاغلار تالاي.

ئۆتتى شۇنداق تالاي ئەسىر، تالاي زامان،
ئوت ئىچىدە تاغۇ تاشلار يالقۇنلىنىپ.
زالىملارغا يانغان غەزەپ سادالىرىڭ،
يەر - كۆك ئارا قالغان بوران - چاپقۇن بولۇپ.

شۇ بورانلار ئېلىپ كەتتى باغرىڭدىكى،
ئەخلەت - چاۋا، قارا بۇلۇت، تۈتەكلەرنى.
شەرق قىزىرىپ تۆكۈلگەندە تاڭ يامغۇرى،
ئېچىلدۇردى باغرىڭدا گۈل - چېچەكلەرنى.

كېزىپ چىقتىم كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا،
ھايات - قايناق، گۈلگە تولغان قۇچىقىڭنى.
ئىچكىنىمدە قېنىپ - قېنىپ ياشاردى تىل،
ئابىھايات - ئېقىتىن دەريا، بۇلىقىڭنى.

سۆز يېتىشمەس تەرىپلىسەم دىيارىمنى،
تالماس قولۇم كۈن - تۈن چالسام دۇتارىمنى.



كومپارتىيە ئاتا قىلدى ئانا يۇرتۇم،
ساڭا مەڭگۈ خازان بولماس باھارىمنى.

قۇچىقىڭدا ياپرىدىم مەن كۆكلەم كېلىپ،
ئۆمرۈم شېخى چېچەكلىدى قەلبىم كۈلۈپ.
شەربەتلىرىڭ تەنگە سىڭىپ، تولدۇم كۈچكە،
چوڭ سەپەرگە يۈردۈم مەنمۇ تاغنى يۈدۈپ.

ئىزىمىزدىن قەد كۆتەردى يېشىل بوستان،
تېرىمىزدىن ئاقتى سۇلار دولقۇنلىنىپ.
ئەجرىمىزدىن ياراتتۇق بىز يېڭى دۇنيا،
چۆل ئورنىدا قەۋەت - قەۋەت بىنا قۇرۇپ.

يۇلتۇز بولۇپ ياندى مۇندا كىندىك قېنىم،
ئۆكتەبىرنىڭ قۇياشىدا ياپراپ دىلىم.
بۇ قەدىمىي ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىدا
شاتلىقىمدىن غەزەل ئوقۇر ئېلى، تارىم.

## ئالما تۈۋىدە

ئايدىڭ كېچە، كۆك گۈمبىزىدە
پارقىرايدۇ ياقۇت يۇلتۇزلار.
تاڭدىن بۇرۇن جەڭگە ئاتلاندى،
سۈزۈك چىراي، چېچى قۇندۇزلار.

ئالملىق باغ، ياگرار تاخشىلار،
ناخشا ئېيتىپ ئىشلەيدۇ قىزلار.
سېۋەتلەرگە تولغان ئالمىلار،
بىردەمدىلا تاغدەك تىزىلار.

سەھەر ياگراپ پويىز گۈدۈكى،
ۋاگون - ۋاگون ماڭدى ئالمىلار.
تېز يەتسۇن دەپ قول پۇلاڭشىتىپ،
يولدا قەنە قىزلار، ئانىلار.

چېكرا قوغداپ تۇرغان جەڭچىلەر،
پۇرىغاندا ئاشۇ ئالمىنى.
ئايدىڭ كېچە ئالما تۇۋىدە،
سۆيگىنىدەك بولدى يارىنى.

1980 - يىل

## ئۆلمەس كىشى

ئەس - يادىدا مەھكەم تۇتقاي ھەر بىر كىشى،
جىمى ئىشتىن ئەلا تۇرار ۋەتەن ئىشى.
ئەل ئىشىدا ئۆلگەن مەرتنى ئەل ئۇنتۇماس،
ئەسلەر پۈتۈن ئەل - يۇرت بولۇپ جان، سىردىشى.



ئەلنىڭ ئىچى ئالتۇن بۆشۈك، دىدى چاللار،
ئەل ئىشىنى بىجا ئەتكەن كىشى ئۆلمەس.
ئۇنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن بوستان كۆلۈپ،
قەۋرىسىدە يېقىلغان شام مەڭگۈ ئۆچمەس.
1980 - يىل

## دىخان قىزى

ئاي تولۇن بىر قىز ئۆستەڭ بويىدا،
سۇ ئاچار باققا كەتمەن قولىدا.
گۈللەر، چىمەنلەر چېچەك ئاتىدۇ،
ئۇ تەرىن تۆككەن، باسقان يولىدا.

قىز باشلاپ كەلگەن چەشمە بۇلاقنىڭ،
سۈيى گۈللەرگە ياغدەك ياقىدۇ.
يەلپۈنسە گۈللەر بوستان چېچىدەك،
بۇلبۇللار ئۇرغۇپ قانات قاقىدۇ.

تىكىلدىم ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزىگە،
ئىش بىلەن مەشغۇل، كىيىكتەك چاققان.
كەڭرى سوزۇلغان گۈلزارلىق باققا،
گۈزەل غايىسى ھۆسنىلەر تاققان.

ئۇ سۆيەر دىلدىن ئۆسكەن يېرىنى،
ئەسلەيدۇ گۈلدەك سۆيگەن يارىنى.

ئايدىڭ كېچىسى ئېيتقان ناخشىسى،
تىترىتەر ھەر گۈل يۈرەك تارىنى.

تاغلار بېشىدا يىگىتى ئۈنىڭ،
ئەل ئامان بولسۇن — ئۈمىدى ئۈنىڭ.
ئۆستۈرگەن گۈلنى چەكچى كۆكسىگە،
تاقسا پەخرى — شۆھرىتى ئۈنىڭ.

يولاتماس باشقا قاغا - قوزغۇننى،
شۇنچىلىك جەسۇر شۇڭقارى ئۈنىڭ.
ئالما پىشقاندا، بايرام كۈنلىرى،
بەيگىدە چاپار تۇلپارى ئۈنىڭ.

گۈل ئۆسكەن زېمىن ماكانى ئۈنىڭ،
سۈيى، ھاۋاسى دەرمانى ئۈنىڭ.
ئانا سۈتىنى ئاقلاش يولىدا،
ئىش ئورنى سىناق مەيدانى ئۈنىڭ.

تاغلار،
دەريالار،
ئورمانلار، باغلار،
گۈل بىلەن تولغان ئاسمانى ئۈنىڭ.
قارا بۇلۇتلار كەلسە توزۇلۇپ،
بار يەكسەن قىلىشقا ئىمكانى ئۈنىڭ.



*

سۇ بويىدا بىر دېخان قىزى،
شۇنچە جەسۇر ھەركىتى، سۆزى،
سۇ تۇتىدۇ باغ - كۆچەتلەرگە،
ئۇ خەلقنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى.

## جەسۇر ياشلار

ئىلىم - پەنگە سەپەر ئەيلە،
جاھانغا بىر نەزەر ئەيلە.
نادانلىقتىن ھەزەر ئەيلە،
ئىرادەڭدىن خەۋەر ئەيلە.
كېلەچەكنىڭ ئۈمىتلىرى،
دەۋرىمىزنىڭ بۈركۈتلىرى.

كۆكتە قۇشتەك سەييار قىل،
تەلەپلەرگە سەن چارە قىل.
دۈشمەنلەرنى بىت - چىت قىلىپ،
مۈشكۈل تاغنى مىڭ پارە قىل.
دەۋرىمىزنىڭ گۈل ياشلىرى،
قۇرۇلۇشنىڭ ھۇل تاشلىرى.

ئۆي بولارمۇ يالغۇز كېسەك،
مەي بولارمۇ ياۋا چېچەك؟

ياشلىق چېغىڭ مىۋە بەرسۇن،
دىسەڭ سۆيگىن ئىلىم - ئەمگەك.
ئۆسمۈر چېغىڭ نوتا چېغىڭ،
دۆلەت بېغى غۇنچە چېچەكلىك.

تامچىلاردىن كۆل تولغۇسى،
دەشتلەر قېنىپ كۆل بولغۇسى،
ئىلىم، ئەمگەك قىلمىغانىنىڭ،
ئارزۇلىرى نۆل بولغۇسى.
ئىسسىل ياشلار قىلىڭ جۈرئەت،
نادانلاردىن ئېلىڭ ئىبرەت.

باش ئىگەر تاغ كۆپ كۆچىگە،
زاۋاللىق يوق ئەل ئىشىگە.
تاپار روناق، بەختى كۆلگەي،
كىمكى كىرسە ئەل ئىچىگە.
ئەلنى سۆيگەن جەسۇر ياشلار،
ئىلىم - پەنگە قەدەم تاشلار.

سەپىرىڭنى قىلغىن داۋام،
ساڭا ھەمرا غەيرەت - چىدام.
تاغلار قىلغاي ساڭا - سالام،
ھۆر قىزىمۇ تۇتقۇسى جام،
ئىسسىل ياشلار قىلىڭ جۈرئەت،
دەۋرىمىزگە بېرىپ زىننەت.



ئانا يۇرتۇڭ بولسا ئامان،
رەڭگى - رويىڭ بولماس سامان.
ئېلىڭ بىلەن بىرگە بولساڭ،
سەندىن رازى دەۋرۇ زامان.
جەسۇر ياشلار ئېچىڭ داۋان،
سەپىرىڭىز ھەر كۈن راۋان.

ئىستىقبالىڭدىن كۈتسەڭ ئۈمىت،
ئىرادەڭنى ھەر كۈن چىڭىت.
مۈشكۈللەرنى بىر - بىر يېڭىپ،
بەلنى مەھكەم باغلا يىگىت.
ۋاقىت تۇرماس سېنى ساقلاپ،
سەپەر ئەيلە، غۇلاچ تاشلاپ.

ئۆتكەن ھارما ياش چېغىڭدا،
يايراي دىسەڭ ئەل بېغىدا.
سۆيەي دىسەڭ شىرىنىڭنى،
پەرھات بولغىن يار ئىشقىدا.
يارىڭ بولسۇن ۋەتەن - خەلق،
مۇشۇ يولدا ئۆسۈپ چىنىق.

ئەل كەڭ دېڭىز سەن بىر قېيىق،
قىرغاقتا يەت، دولقۇن يېرىپ.
پۈتكۈل ياشلىق ئىدرىكىڭنى،

خەلق ئۈچۈن قىلغىن سەرپ،
مۇشۇ يولدا قېرىپ كەتسەڭ،
نىمە ئارمان ئۆلۈپ كەتسەڭ؟!

جەسۇر ياشلار قالماس ھېرىپ،
ۋەتەن ئۈچۈن تاۋلار قەلب.
گۈزەل ئەخلاق، قىلىقلىرى،
چوڭ - كىچىكنى ئەيلەر جەلب.
ناخشا ئېيتار جەسۇر ياشلار،
جۆر بولماقتا تاغۇ تاشلار.

جەسۇر ياشلار سەپەر ئەيلە،
جاھانغا بىر نەزەر ئەيلە.
كومپارتىيە مەدەتكاردۇر،
زامانەڭنى قېتىپ كۈيلە،
كېلىچەكنىڭ ئۈمىتلىرى،
سەن دەۋرنىڭ يۈركۈتلىرى.

1980 - يىل

## بۇلاق

بۇلدۇقلاپ، ئۇرغۇپ چىققان سۈزۈك بۇلاق،
تاش يېرىپ، تاغ باغرىنى ئاقار بويلاپ،
ھەر ياندىن قوشۇلغاندا بىر - بىرىگە،
بىر ئۇلۇغ دەريا بولۇر، تېشىپ يامراپ.



چۆللەرگە جان كىرگۈزۈپ، بوستان ياساپ،
ئاقىدۇ ئانا يەرنى چىمىق قۇچاقلاپ.
خورىماس، قانچە قۇم چۆل ئىچكەن بىلەن،
بەركىتى شۇنچىلىك مول، مەنبەئى ساپ.

ئېسىڭدە ساقلا كۆپنى كۈتكەن كىشى،
مىڭ ياشقا يەتمەس دىدى، ئادەم يېشى.
بولغاندەك تەبىئەتتە قىش بىلەن ياز،
بۇ ھايات بولماس ھامان، تىنچ - تەكشى.

سۈپسۈزۈك سۇدەك تاتلىق ياشلىقىمىزدا
ئۆمرۈڭنىڭ گۈل بېغىنى ئەيلە پەرۋىش.
ياشلىقنىڭ گۈلى پەقەت بىر ئېچىلار،
قېرىلىق يېتەر ئەتە، سېلىپ تەشۋىش.

بۇلدۇقلاپ ئەسىر بويى ئاقار بۇلاق،
سۇ بىلەن بوستان ئىككەن دەشتۇ تۇپراق.
ئەقىل ۋە ئەجرىڭ بىلەن كۆركەرت سەنمۇ
ئۆمرۈڭنىڭ گۈل بېغىنى ئەنە شۇنداق.

بۇلدۇقلاپ تېشىپ ئاققان بۇلاق سۈيى،
ئۈزۈلمەي ئاقار ئىكەن ئەسىر بويى.
تارىخى ئۇزۇن گۈزەل ئانا يۇرتىنىڭ،
بۇلاقتەك تۈگىمەستۇر ناخشا - كۈيى.

1980 - يىل

# تاغ مەنزىرىسى

كەمخاپتەك چوققىدا كىيىك ئويناىدۇ،
زۇمرەتتەك تاغلارغا كۆزۈڭ تويمايدۇ.
ئەسىردىن ئەسىرگە بۇ تاغ باغرىدا،
تۇرنا كۆز بۇلاقتىن قاينام قايناىدۇ.

بۇ تاغلار بۇ يۇرتنىڭ مۇقەددىمىسى،
ئالدىدا چىرايلىق تاغ مەنزىرىسى.
چوققىلار ئارىسىدا ئاقىدۇ ئېقىن،
كۈن - تۈن تىنمايدۇ شاۋقۇن نەغمىسى.

## خانتەڭرى

خانتەڭرى چوققىسى تۇرار ھەيۋەتلىك،
بۇلۇتلار كارۋىنى ئۇنى قاپلىغان.
بۇلۇتنى ھال رەڭگە بوياپتۇ شەپەق،
ئاجايىپ مەنزىرە بولار نامايان.

سايرامنىڭ بويىدىن قارايمەن ئاڭا،
چوققىدىن ئارتىلىپ شاقىرار سۇلار.
كۈن چۈشمەس قارغايزار ئارىلىرىدىن
قېيغىتىپ سەكرەيدۇ تايچاق، ئاھۇلار ...



# نەۋ باھار

كەلدى تەبىئەتنىڭ نازلىق چاغلىرى،
تولدى چېچەكلەرگە يېزام باغلىرى.
ياشاردى جانلاندى يايلاق، تاغلىرى،
شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك كەلدى نەۋ باھار.

ئاڭلىنار ھەر ياقتىن كاككۇك ئاۋازى،
ئېتىز سەھنىسىدە سەنئەتكار سازى.
سۈپ - سۈزۈك ئاسماندا لاچىن پەرۋازى،
شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك كەلدى نەۋ باھار.

يايلاقتا سەكرىشىپ ياپلايدۇ ماللار،
باھاردىن زوق ئالدى مومايلار، چاللار.
شوخلىنىپ ئويناشتى بودرۇق بالىلار،
شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك كەلدى نەۋ باھار.

1982 - يىل

## ئارزۇ

ئىگىز - ئېگىز تاغ بېشىغا چىققۇم كېلىدۇ،
يان باغرىدا ئات ئوينىتىپ چاپقۇم كېلىدۇ.
پەرۋاز قىلىپ ئانا يۇرتنىڭ كۆك ئاسمىنىدا،
چۆللىرىگە ئەجرىمدىن گۈل چاچقۇم كېلىدۇ.

لاچىن بولۇپ كەڭ ئاسماندا ئۇچقۇم كېلىدۇ،
خۇددى ئوقتەك تۈتەكلەردىن ئۆتكۈم كېلىدۇ.
ئانا يۇرتىنىڭ شۇنچە گۈزەل مەنزىرىسىنى،
يۈرىكىمنىڭ ئاپپاراتىغا تارتقۇم كېلىدۇ.

## زوقلاندىم بەختىيار زامانەمدىن مەن

يۇلتۇزغا قاپلانغان شەھىرىم ئاسمىنى،
گۈزەللەرنى چاقنىتار يوللار، كوچىلار.
تۈزۈلمەس بۇ يەردە ئىجات كارۋىنى،
رەڭگا - رەڭ ئېچىلغان گۈللەر، غۇنچىلار.

شەھىرىمنىڭ بەختىيۇ، شەھىرىمنىڭ غېمى،
كارۋانلار ئىچىدىكى ئىشچى دىلىدا.
بۇندا ئىز قالدۇرغان ھەر بىر قەدىمى،
پۈتكەنتى بىنالار ئۇنىڭ قولىدا.

ئۇنىڭ ئەجرى سىڭگەن قەۋەت بىنادا،
تېلېۋىزور كۆرىمەن پەرزەنتىم بىلەن.
قىزىق ئويۇنلارنى كۆرگەن ئاخشامدا،
ئىشچىنى ئەسلەيمەن ھۆرمىتىم بىلەن.

ھەر شەنبە مەكتەپتىن قايتقان بالامغا،
تېلېۋىزور كۆرگەندە تەكرار ئېيتىمەن:



ئىنژېنېر - ئىشچىنىڭ تەرىپىنى دەپ،
كەلگۈسى ئەۋلاتتىن ئۈمىت كۈتىمەن.

ئاشۇ چاغ
تېلېۋىزور تۇرماق كىنونى —
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولمىغان ماركس.
ۋە لېكىن كۈچ بەرگەچ ماركس تەلىمى،
ئىشچىلار كەشپىيات ياراتتى قالتىس.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خوشنىلىرىممۇ،
كىچىك پەرزەنتىمدەك بولۇشتى ھەيران.
ماركىستەك تىرىشىپ ئۆگىنەيلى بىز،
ماركس دەۋرىمىزگە بەرگەن چوڭ دەرمان.

يۇلتۇزلار چاقنىغان شەھىرىم ئاسمىنى،
شۇنچىلىك گۈزەلدۇر يوللار، كوچىلار.
قەۋەتلىك بىنادا يورۇق ھوجرىدا،
تېلېۋىزور كۆرىمەن بىدار كېچىلەر.

گوياكى نەزىرىمدە بىپايان دۇنيا،
كۆرىمەن تېلېۋىزور ئېكرانىدىن مەن.
يارالدى ئۆمرۈمدە نى مۆجىزىلەر،
زوقلاندىم بەختىيار زامانىمدىن مەن.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى

# رۇبائى ۋە پارچىلار

يۈرەكتە يېلىنجاپ ياشلىقنىڭ ئوتى،
ھەر ياققا ئېلىپ قاچار يىگىتلىك ئېتى.
ئەقىل بىرلە كۆڭۈل تىزگىنىنى تارت،
چېكى يوق، تۈگىمەس ئالەمنىڭ چېتى.

*

بىلىم شەربىتىنى ئىچكىل ئەي يىگىت،
ئۇستازنىڭ ئالدىدا بېلىڭنى ئېگىپ.
ئىلىم - پەن دەريادۇر، توختىماي ئاقار،
ئۇ، سىڭگەن چۆللەردىن باغلار گۈل چاچار.

*

بىلىمدۇر تۈگىمەس، يوقالماس مۈلۈك،
بولغۇسى يولۇڭدا دەرياغا كۆۋرۈك.
ئۇ بىلەن ئاسمانغا يول سالدى ئالىم،
قەلەم نۆۋىتىدە ئاسمانغا تۈۋرۈك.

*

بۇ دۇنيا كىشىگە ئۇزۇن بىر مەنزىل،
كارۋانلار ئۈزۈلمەس، يۈرەر يىلمۇ يىل.
بەرداشلىق بېرىشچۈن بۇ ئۇزۇن يولدا،
ئىلىم - پەن لازىمدۇر بۇنى ياخشى بىل.



*

تارىخنى ئوقۇدۇم، كۆپ چاغ ئۆتۈپتۇ،
ئەجدادلار ئەجرىدىن گۈل، باغ ئۆسۈپتۇ.
كۆردۈمكى، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن
شەھەرلەر بىنا بوپ، تاغلار كۆچۈپتۇ.

*

ئەل ياخشى كۆرمەيدۇ ھورۇن كىشىنى،
قار باسار ئۇنىڭكى قالغان ئىشىنى.
ھورۇنغا بولۇتنىڭ سايىسىمۇ يۈك،
يول يۈرسە قۇم باسار ئۇنىڭ بېشىنى.

*

ئەمگەك ۋە ئىلىم - پەننى سۆيسە كىشى،
راھەتتە ئۆتىدىكەن يازۇ قىشى.
تەقدىرى باغلىق ئۇنىڭ تەدبىرىگە،
بېشىغا كېلىپ قونار بەخت قۇشى.

*

نادانلىق ئادەمنىڭ بېشىغا كىشەن،
دانالىق ئۆمۈرنىڭ ئىقبالى — ئىشەن!
ماھارەت - جاپالىق ئەجرىڭدىن كېلەر،
بۇ ئەقىل تېپىشنىڭ چوڭ يولى چۈشەن.

*

نەسىھەت كۆپ چاغدا بولىدۇ ئاچچىق،
رىياللىق قامچىسى تېگىدۇ قاتتىق.
كۆرگىنكى، مۇشۇنداق ئاچچىق غورىنىڭ —
پېتىلىپ پىشقان يىمىشى تاتلىق.

*

مۇئەللىم دىسىڭىز ئېتى بەلگىلىك،
خۇي - پەيلى، ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۈلگىلىك.
بىر نادان بالىنى ئالىم قىلدى ئۇ،
مۇھەببەت قويغىنى ئەۋلات مەڭگۈلۈك.

*

مەرىپەت چىراغىنى ئاسرىغىنى يىگىت،
نۇرىدىن سائا يار بولغۇسى بەخت.
كۆڭلۈڭدە بۇنىڭدىن چېكىنمىسەڭ ئەگەر،
ئۆمرۈڭنىڭ گۈل بېغى بولىدۇ بىت - چىت.

*

مەرىپەت كىلىتىنى ئاسرىغىنى چىڭ تۇت،
ئۇنىڭدىن سىڭا يار بولغۇسىدۇر قۇت.
يولۇڭدا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭ ئەگەر،
ئۆمرۈڭنىڭ بېغىنى قاپلىغۇسى جۇت.

*

كىمكى بولسا ئەلگە سادىق كۆيۈمچان،
يەيدۇ ئەل غېمىنى ھەر كۈن، ھەر قاچان.
ئىزىدىن قالدۇرۇپ پارلاق تۆھپىلەر،
يىللارنىڭ بويىنىغا ئاسىدۇ مارجان.

*

ياشلىغىنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ باھار پەسلىدۇر،
ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭ تىزغان دەستىدۇر.
ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ھۈنەر،
ئۆمۈر تارىخىڭغا ئويغان كەشتىدۇر.

*

خۇشالمەن؛ قىش ئۆمرۈم گۈل باھار بولدى،
شاتلىقتىن يۈزۈمدىن نۇر تامار بولدى.
ھەر تاڭدا ياڭراتسام راۋابىمنى مەن،
بۇلبۇللار بېشىمدا ئايلىنار بولدى.

*

دوستلىرىم كەڭ زېمىن كۆچۈڭگە مۇھتاج،
مەرتلىگىڭ جارى قىل، چۆللەرگە ئوت ئاچ.
تاشلارنى ئېرىتسۇن ماڭلاي تەرلىرىڭ،
گۈللەنسۇن، قاقاس چۆل كىيىشىپ گۈلتاج.

*

چۆل ئىدىم نۆلگە تەڭ، قۇرۇق شاخ ئىدىم،
كۆچىدا دەسسەلگەن بىر ياپراق ئىدىم.
قەلبىمگە سۇ بەردى ۋەتەن باھارى،
سۆيگىنىم مەڭگۈلۈك — شۇ تۇپراق دىدىم.

*

باغلارنى ياشناتسا باھار يامغۇرى،
رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى تاۋلار كۈن نۇرى.
ئەسىرلەر قاغجىراپ ياتقان دەشتۇ چۆل،
باغ بولدى چاپقاندا كۈرەش تۇلپىرى.

# ئالتۇن دەۋر قىسسىسى

ھەر كېچىنىڭ كۈندۈزى بار،
كۆكنىڭ ئۆچمەس يۇلتۇزى بار.
شان - شۆھرەتلىك بۇ ۋەتەننىڭ،
داڭدار ئوغۇل، مەرت قىزى بار.

تەپەككۇرۇم ئەينىكىدە،
كۆردۈم ئۇلار ئوبرازىنى.
ھەم ئاڭلىدىم مىراس قالغان،
ھېكمەت تولا كۈي - سازىنى.

سوراپ بېقىڭ تارىخ بىلەر،
ئەل يۇرتىغا ئىنچى كۆيەر،
تەپەككۇرنىڭ كېمىسىدە،
دولقۇنلارنى يېرىپ كېلەر.

ئەنە تارىخ ئىگىزانىدا،
ئۇلار ئۇزۇن مۇساپىسى.
كېلەر ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ،
ھارماس سەپەر ھاراۋىسى.



كېلەر ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ،
يۈرىكىدە ئوت ياندۇرۇپ.
ئۆتەڭلەردىن ئۆتكەن چېغى،
يۇرتداشلارنى شاتلاندۇرۇپ.

قەددى ئۇنىڭ قارىغايدەك،
قەلبى قۇياش، يۈزى ئايدەك.
ئەل يۇرت ئۈچۈن مېھرى خۇددى،
قايناپ تۇرغان ئەتكەن چايدەك.

يايلاقلارنىڭ چېدىرىدا،
چولپانلارنىڭ ئاپقۇرىدا.
يالقۇنلايدۇ مېھرى ئۇنىڭ،
قىز - يىگىتلەر قومۇرىدا.

ناخشا توۋلاپ ياشلار بىلەن،
چېدىر ئارا قونۇپ قالار.
ئۇسسۇل ئويناپ - بېيىت ئېيتىپ،
ئەجداتلارنى ئەسكە سالار.

ياشلار تەييار خىزمىتىگە،
قايىل قىلىپ ھىممىتىگە.
يول بويىدا قېلىشىدۇ،
ئاق يول تىلەپ سەپىرىگە.

ۋارىس بولۇپ ئەجداتىغا،
كۆيۈپ - پىشىپ ئەۋلادىغا.
بىلىم ئىزلەپ يۈرۈپ كېتەر،
يۇرتتىن - يۇرتقا، ھەرۋادىغا.

جارى قىلىپ غەيرىتىنى،
تېپىپ باغلار مىۋىسىنى.
سۆھبەت قۇرۇپ يېزىپ ئالار،
قەبىلىلەر بەلگىسىنى ...

تاغدا ئۆتسە ھەپتە، ئايلار،
چولپانلارغا سىرداش بولۇپ.
تارىخىنى سۆزلەتكۈزەر،
كىگىز ئۆيدە بىللە قونۇپ.

كىيىك ئوۋلاپ يىگىتلىرى،
قىمىز تۇتار چوكانلىرى.
مەشرەپ بېرىپ كۆڭۈل ئاچار،
كۆكنى قاپلار چۇقانلىرى.

داۋان ئاتلاپ ئۇزار ئەلدىن،
تاغ باغرىدا گۈلخان سېلىپ.
كەپىلەردە ئۆتەر پەسىل،
دەپتىرىگە داستان يېزىپ.

سىرداش بولۇپ دېخان بىلەن،
قىلدى تالاي ئەمگەكلەرنى.
ئېتىز، خامان، باراڭلاردا،
يىغدى ئېسىل چۆچەكلەرنى ...

كېزىپ چۆلنى ئېشىپ تاغنى،
ئىچىپ شەرۋەت بۇلاقلارنى.
كىتاپ تۈزدى يىغىپ سانسىز،
ماقال، تەمسىل، قوشاقلارنى ...

تۈزۈپ چىقتى ئۈچ توم ئەسەر —
تۈركى تىللار قامۇسىنى.
ئۇڭا پۈتتى قانچە ئەجدات،
قانچە جەڭلەر ئۆتمۈشىنى.

ئەنە قاتار سەپ - سەپ بولۇپ،
مىڭلاپ ئەسكەر ئات سەپ كېلەر،
سەپ ئالدىدا ئالىپ ئەرتوڭا، ①
ئۇنى پۈتكۈل ئالەم بىلەر.

يەر - زېمىننى تىترىتىدۇ،
جەڭ ئاتلىرى تۇياقلىرى.
گويا لاچىن قانىتىدەك،
چېرىكلەرنىڭ قالپاقلىرى

ئوق ئۆتمەيدۇ بەدىنىگە،
زەربە بېرەر رەقىبىگە.
تەسلىم بولدى زۇلقەرنەينمۇ
تەڭ كېلەلمەي قۇدرىتىگە.

ئالدىن ئوقنى ئاتسا قانداق،
ئاتار شۇنداق ئارقىدىنمۇ.
دەل جايىغا تەككۈزىدۇ،
بەش چاقىرىم چوققىدىنمۇ.

خود② خۇر دىگەن پالۋانلار،
شۇنداق جەڭلەر ئارا كەلدى.
بەچكەم③ تاقاپ ئاتلىرىغا،
قانچە ئەۋلات دەۋر سۈردى.

قۇشلار ئۇچسا قانات بىلەن،
مەرتلەر ئۇچتى ئېتى بىلەن.
گوياكى كۆك تۈۋۈلغۇدەك،
تاغنى تەشتى ئېتى بىلەن.

غەلبىسىدىن ئىز قالدۇرۇپ،
سېپىل، شەھەرلەر سالدۇرۇپ.
بىزگە مىراس قالدۇرغانتى،
ئالتۇن نەقىشلەر ئويدۇرۇپ؛

قوز ئوردۇ ④ دەك شەھەرلەرنى،
مىڭ ئۆيدىكى بېزەكلەرنى.
خاتىرلەيمىز ئەجداتلارنى،
ئۆستۈرۈپ گۈل - چىچەكلەرنى.

مازارىغا چىراق يېقىپ،
ئىزھار قىلىپ يۈرەكلەرنى.
ھەر باھاردا قەبرىسىگە،
باشلاپ سەبى گۆدەكلەرنى.

ئۇلار كۆرگەن، ئۇلار سۆيگەن،
باغۇ بوستان چىچەكلەرنى.
ئۆستۈردۇق بىز ئورۇنلىدۇق،
ئەجدات قىلغان ئىستەكلەرنى.

ئەجداتىمىز تۇتقان باتراق ⑤،
چوققىلاردا لەپىلدەيدۇ.
تاغدەك مەزمۇت ئىرادىمىز،
مۇشەققەتتىن ئېگىلمەيدۇ.

تۇغدى مەھمۇت قەشقىرىنى،
مۇشۇ قەدىم ئانا تۇپراق.
يوقالمىدى ئۇنىڭ ئىزى،
ئۆتكەن بىلەن ئەسىر ئۇزاق.

ئۇنىڭ ئاياق ئىزلىرىدىن،
ئۈندى گۈللەر بوستان بولۇپ.
قىلغان ئەجرى ئېقىن دەريا،
جۇش ئۇرماقتا پونتان بولۇپ.

ئۇنىڭ يازغان كىتاۋىدىن،
مەرىپەتنىڭ نۇرى چاقنار،
ئۇرۇق بولۇپ ھەر بىر سۆزى،
ۋەتەن تۇپراقىدا ياشنار،

ئۇنىڭ روھى — ئەجدات روھى
ئىلىم گۈلشەنىگە باشلار،
ئۇنىڭ نامى بىلەن خەلقىم،
ئىلىم — پەنگە قەدەم تاشلار.

ئالىم شۇنداق بەرگەن ساۋاق:
«ئىلىم ياقار دىلغا چىراق،
ئىلىم — ھىكمەت قۇدرىتىدىن،
گۈللىنىدۇ قارا تۇپراق.»

مەھمۇت ئىدى ئۇستا مەرگەن،
ماھارەتكە كۆڭۈل بەرگەن،
كىمكى ئۇڭا دەخلى قىلسا،
نەق مەيداندا كۆكرەك كەرگەن.



قىزغىن سۆيۈپ مەرىپەتنى،
ئۆز ئېلىنى، تەبىئەتنى،
شەرىئەتنى تاڭ قالدۇرۇپ،
شەرھلىگەن ھەقىقەتنى.

يىتىملارنىڭ سىلاپ بېشىن،
كۆزلىرىدىن سۈرتۈپ ياشىن.
قۇزغۇنلارنى بىت — چىت قىلغان،
بولۇپ خۇددى باتۇر لاچىن.

*

دىگەن يەنە ئەۋلادىغا:
«يېتىمنىڭ مەزلۇم پەريادىغا،
كۆپچىلىككە ئىشەنگەنلەر،
يېتەر جەزمەن مۇرادىغا.

ئۆگەنمىسەڭ، ئويغانمىساڭ،
ئۆمۈر بويى لاي كېچەرسەن.
نادانلىق ئۇ، قارا زۇلمەت،
چاي ئورنىغا قان ئىچەرسەن.

باھار بىلەن دان ئۈنىدۇ،
جەمى جانۋار، جان كۈلىدۇ.
ئاشلىق تەرسەڭ ئەجرىڭ بىلەن
داستىخىنىڭغا نان كېلىدۇ.

بىلىملىك ئەر يۇرت بېشىدۇر،
ئەل ئىچىدە مەرت كىشىدۇر.
زالىم بولسا يۇرتنىڭ بېشى،
ئۆمرى كالتا، ئۇ سېسىيدۇ.»

بىلىم ئۇنىڭغا چىراق ئىزۇر،
ئالىم ئۇنىڭ پەرۋانىسى.
كىتاۋىدا چاقناپ تۇرار،
بوۋىلارنىڭ دىل غايىسى.

*

ھەممە بىلەر قەشقەرنى،
ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرىنى.
تىلشۇناسلىق تارىخىدا،
دەۋر بۆلگۈچ دەستۇرىنى.

تەڭرى تېغى چوققىسىدا،
قولباق⑥ كەبى ئىزى قالدى.
قارا تاشقا مۆھۈر بولۇپ،
يازغان نەزمە سۆزى قالدى.

*

بوۋام مەھمۇت سۆزخانىسى،
سۆزى — دۇرلار دۇردانىسى.



كۆڭلى سۈزۈك ئىقىن دەريا،
تۈگىمەستۇر غەزىنىسى.

تەپەككۇرۇم ئەينىكىدىن،
كۆردۈم ئۇزاق نەسلىمىزنى.
«قاراخانى» دەپ ئاتالغان،
ئۇلۇغ ئالتۇن دەۋرىمىزنى،

ئۇلۇغ ئالىم،
ئۇلۇغ ئۇستاز،
ئويلاپ بىزنىڭ بەختىمىزنى،
قامۇسغا پۈتۈپ قويغان،
قانچە ئىقىن كەنتىمىزنى...

ئوتتى قانچە دەۋر ـ يىللار،
كۆچتى قانچە تاغ، داۋانلار،
ئۆچكىنى يوق،
بولدى بوستان،
ئۇلۇغ ئالىم يۈرگەن يوللار.



*

ئالىملارنىڭ سەردانىسى،
ئاقىللارنىڭ مەردانىسى.
ئۇنتۇلمايدۇ تامەڭگۈگە،
بوۋام مەھمۇت خاتىرىسى.

1982 ـ يىل

مۇقاۋىنى جالالىدىن بەھرام لايىھىلىگەن

86-160

打开画册的时刻（维吾尔文）

马合木提再地著

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　乌鲁木齐市印刷厂印刷

787×1092毫米32开本　2.75印张　1　插页

1985年4月第1版　1986年2月第1次印刷

印数：1—[illegible],700

书号：M10098·1032　定价：0.23元

烏187號

ئىزاھلار:

① ئالىپ ئەرتۇڭا — تارىخىي كىتاپلاردا ئافراسىياپ دەپ ئاتىلى‐ۋاتقان تۈركلەرنىڭ مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆتكەن قەھ‐رىمانى، نامى مەشھۇر پادىشاسى.

② خودخۇر — بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مى‐لادىدىن ئىلگىرىكى 356 — 323 ‐ يىللار) تۈرك خاقانىنى ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران قېلىپ «ئەيەن خودخۇرەن» دې‐گەن سۆزلەرنى قىلغان.

③ بەچكەم — بەلگە، نىشان، جەڭ كۈنلىرى باتۇرلار جەڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تاقىۋالىدۇ. (دىۋان 1 ‐ توم 629 ‐ بەت)

④ قۇز ئۇردۇ — بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز ئۇردۇ» دېيىلىدۇ (بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىر سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ توخماق دېگەن جايىغا توغرا كېلىدۇ.)

⑤ باتراق — بايراق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى بۇ سۆزگە مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ: «جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەر ئۆزىنى شۇنىڭ بىلەن تونۇتىدۇ.» (دىۋان 1 ‐ توم 607 ‐ بەت)

⑥ قولباق — تۈركلەرنىڭ بىر ئەۋلىياسىنىڭ ئىسمى. ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارا تاشقا خەت يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا خەت يازسا، قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئىزى ھازىرغىچە بار ئىكەن.



86-160